# ئىبادەتلىرىمنى ئۆگىنىمەن







# تەقدىم

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!

سۆيۈملۈك باللار:

ئۇلۇغ رەببىمىز ئاللاھ بىزنىڭ ھۇزۇر ئىچىدە بەختلىك ھايات كەچۈرۈشىمىزنى خالايدۇ. شۇڭا سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزگە ئۇلۇغ دىنىمىز ئىسلامنى ئەۋەتكەن. تىنچلىق ئىچىدە بەختلىك ياشاش ئۈچۈن پەيغەمبىرىمىزگە ۋە ئۇنىڭ قۇتلۇق دەۋىتىگە قۇلاق سېلىشىمىز كېرەك.

رەببىمىز بىزنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدۇ. شۇڭا پەيغەمبىرىمىزنى بىزگە يول باشلىغۇچى قىلىپ ئەۋەتتى. ئۇنىڭغا خاسىيەتلىك كىتاب قۇرئانى ـ كەرىمنى ئۆگەتتى، ئۇ ئۆگەنگەنلىرىنى بىزگە ئۆگەتتى. ئىنسانلارغا نىجاتلىق يولىنى كۆرسەتتى.

بىزمۇ رەببىمىزنى ياخشى كۆرىمىز. ئۇ بىزگە ياخشى كۆرۈشنى ئۆگەتتى. كائىنات ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى جىمى نەرسىلەرنى بىز ئۈچۈن ياراتتى. بىزگە ھايات بەردى، سالامەتلىك ۋە خۇشاللىق بەردى.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىمىز. ئۇ بىزگە رەببىمىزگە قانداق ئىبادەت قىلىشنى، بىزگە بەرگەن نېمەتلىرى ئۈچۈن قانداق تەشەككۈر ئېيتىشىمىز كېرەكلىكىنى ئۆگەتتى.

رەببىمىز ياراتقان جىمى مەخلۇقاتنى ياخشى كۆرىمىز. ئىنسانلارنى، ھايۋانلارنى، تەبىئەتنى سۆيىمىز. ئۇلارغا مەسئۇل ئىكەنلىكىمىزنى بىلىمىز.

سۆيۈملۈك باللار!

يارىتىلىشىمىزدىكى مەقسەت رەببىمىزنى تونۇش ۋە ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشتۇر. ئىبادەتلىرىمىز رەببىمىزگە بولغان سۆيگۈ ـ مۇھەببىتىمىزنىڭ بىر ئىشارىتى ۋە ئىپادىسىدۇر.

دىنىمىز ئىسلام — ئىناق ـ ئىتتىپاقلىق، خاتىرجەملىك، ھۇزۇر ۋە تىنچلىق دېگەنلىكتۇر. ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش، زاكات بېرىش، ھەجگە بېرىش ئارقىلىق ئۇلۇغ رەببىمىزگە ئىبادەت قىلىمىز.

ئىبادەت پەقەتلا بۇلاردىن ئىبارەت ئەمەس. ھاجەتمەنلەرگە ياردەم قىلىش، يارىلانغان بىر قۇشنىڭ يارىسىنى تېڭىپ قويۇشمۇ بىر ئىبادەتتۇر. يەنى ياخشى نىيەت بىلەن قىلىنغان ھەر قانداق ياخشى ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ھەممىسى ئىبادەتتۇر.

ئىبادەتلەر بىزنى قەبىھ، ناچار خۇيلاردىن پاكىزلاپ، ئەخلاقىمىزنى گۈزەللەشتۈرىدۇ ۋە يۈكسەلدۈرىدۇ.

سىلەر ئۈچۈن تەييارلانغان بۇ كىتابتا ناماز، روزا، ھەج، زاكات قاتارلىق ئاساسلىق ئىبادەتلەرنى تونۇشتۇردۇق. كىتابنى ياقتۇرۇپ ئوقۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز.

سىلەر بىزنىڭ كەلگۈسىمىز، بىز سىلەرنى سۆيىمىز...

**تۈركىيە باش مىنىستىرلىك دىيانەت ئىشلىرى كومىتېتى**


**ئىبادەتلىرىمنى ئۆگىنىمەن**

**مۇئەللىپ:**
ئايشە ئۆزتۈرك

**تۈركچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى:**
تۇرسۇنئاي

**رەسسام:**
داغىستان چەتىنكايا

**نەشرىيات مەسئۇلى:**
مەھمەت ئەردوغان

**رىياسەتچى:**
دوكتور ئۆمەر مەنەكشە

**دىيانەت ئىشلىرى كومىتېتى نەرىياتى:** 825
**باللار كىتابلىرى:** 220
2010-06-Y0003-825

ISBN -978-975-19-4896-0

**مەتبە:**
Korza Yayıncılık Bas.San
ve Tic. Ltd. Şti
Tel: +90(312)3242208



**ئالاقىلىشىش ئادرېسى:**
Üniversiteler Mah
Dumlupınar Bulvarı
No=147/A 06800
Çankaya/ ANKARA
Tel:+90(312)2957293
Fax:+90(312)2847288
www.diyanet.gov.tr
diniyayinlar@diyanet.gov.tr

# ئىبادەتلىرىمنى ئۆگىنىمەن



دىيانەت ئىشلىرى كومىتېتى نەشرىياتى

ئەنقەرە

2010

# مۇندەرىجە

## بىرىنچى باب

### رەببىم ئاللاھتۇر مېنىڭ


ئاللاھ نېمىدىگەن چىرايلىق ياراتقان-ھە! .......... 10
ئىشەندىم ئىمان ئېيتتىم .......................... 11
دىنىم ئىسلامدۇر مېنىڭ ........................... 12
ئاللاھ بىزنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدۇ ............... 13
ئىسلامنىڭ شەرتلىرى .............................. 14
تۇنجى قەدەم: كەلىمەئى شاھادەت ................... 14
ھەر گۈزەل ئىش ئىبادەتتۇر ........................ 15
رەببىمىزگە تەشەككۈر ............................ 17
ئىبادەتلىرىمىزنى پەيغەمبىرىمىزدىن ئۆگىنىمىز ....... 18
ئىبادەتلەرگە مۇناسىۋەتلىك ئاتالغۇلار .............. 18


## ئىككىنچى باب

### پاكىزلىق ئىمانىدىندۇر


ئىسلام پاكىزلىق دىنىدۇر .......................... 21
تاھارەت ئالدىم پاكىزلاندىم ....................... 21
تاھارىتىم سۇندىمۇ؟ ............................... 23
تۇپراققا ئۇردۇم قولۇمنى: تەيەممۇم ................ 23
باشتىن-ئاياقچە پاكىزە بولدۇم: بوي تەرەت ......... 24


## ئۈچىنچى باب

### دىنىنىڭ تۈۋرۈكى: ناماز


ئىبادەتلىرىمىزدىن ناماز .......................... 26
نامازغا تەييارلىق ................................ 26
كېلىڭلار ناماز ئوقۇيلى ........................... 27

نامازدىن كېيىنكى دۇئا ........................ 29
نامىزىم بۇزۇلدىمۇ؟ ........................ 30
سەھۋە سەجدىسى ........................ 30
نامازغا چاقىرىش: ئەزان ........................ 32
ئەزان سۆزلىرى ........................ 32
جامەلەر، مەسجىدلەر ........................ 33
بەش ۋاخ ناماز ........................ 37
نامازلار قانچە رەكئەت؟ ........................ 38
بىللە ناماز ئوقۇۋاتىمىز: جامائەت نامىزى ........................ 38
نامازلىرىمىز ........................ 39
ئوقۇيلى: *يېقىملىق ئاۋازى بار مۇئەززىن: بىلال ........................ 42*


## تۆتىنچى باب

## سۈرىلەر ۋە دۇئالار


نامازدا ئوقۇلىدىغان سۈرىلەر ۋە مەنىسى ........................ 48
نامازدا ئوقۇلىدىغان دۇئالار ۋە مەنىسى ........................ 54


## بەشىنچى باب

## سەۋر ئىبادىتى: روزا


رامىزان كەلدى خوش كەلدى ........................ 58
قۇرئان ئېيى رامىزان ........................ 59
ناغرا، دومباق چېلىندى، زوغا تۇرايلى ........................ 59
روزا خۇشاللىقى ........................ 60
ئىپتارغا چاقىردى! ........................ 61
تەراۋىھ نامىزىغا بارىمىز ........................ 62
خاسىيەتلىك كېچە: قەدىر كېچىسى ........................ 62
تۈنەك كېچىلىرى ........................ 62
كىملەر روزا تۇتىدۇ؟ ........................ 63
روزام سۇنۇپ كەتتىمۇ؟ ........................ 64

ھېيت كەلدى خوش كەلدى ........................ 65

## ئالتىنچى باب


### بۆلۈشمەك ئىبادىتى: زاكات

بىللە ياشايمىز.............................. 66
تەڭ بەھرىمەن بولايلى، ياردەملىشەيلى ............ 67
مېھرى - شەپقەت كۆۋرۈكى.......................... 68
كىملەر زاكات بېرىدۇ؟.............................. 69
نېمىلەرنىڭ زاكىتى بېرىلىدۇ؟........................ 70
كىملەرگە زاكات بېرىلىدۇ؟......................... 70
كىملەرگە زاكات بەرگىلى بولمايدۇ؟ ................. 71
سەدىقە ........................................ 71

## يەتتىنچى باب

### مۇقەددەس سەپەر: ھەج

شەھەرلەرنىڭ ئانىسى مەككە........................ 73
ئەركىنلىك ۋە خاتىرجەملىك ئۆيى: كەبە ............ 74
ئىبادەت ئېڭى ۋە ھەج .......................... 75
ھەج ئىبادىتى باشلاندى .......................... 76
مۇقەددەس ئۇچرىشىش: ئەرافات .................... 78
شەيتانلارغا تاش ئات!............................. 79
چوڭ ئىمتىھان.................................... 80
قۇربان ھېيت ................................... 82
تاۋاپقا يۈگۈر................................... 83
سەفا بىلەن مەرۋە ئارىسىدا ...................... 83
سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنى زىيارەت................ 85
**ئوقۇيلى:** ئەبرەھەنىڭ فىللىرى ................................. *86*



«ئاللاھ مۆمىنلەرنىڭ ئىگىسىدۇر، ئۇلارنى (كۇفرىنىڭ) زۇلمەتلىرىدىن (ئىماننىڭ) يورۇقلۇقىغا چىقىرىدۇ.» (بەقەرە سۈرىسى 257_ئايەت)

بىرىنچى باب

# رەببىم ئاللاھتۇر مېنىڭ

«ئاللاھنىڭ يولىدا (پۇل ـ مال) سەرپ قىلىڭلار، ئېھسان قىلغۇچىلارنى ئاللاھ ھەقىقەتەن دوست تۇتىدۇ.»
(بەقەرە سۈرىسى 195 ـ ئايەت)

## ئاللاھ نېمىدېگەن چىرايلىق ياراتقان ـ ھە!

بىر زامانلاردا يوق ئىدۇق. كۆپكۆك ئاسمان، جىمىر ـ جىمىر يولتۇزلار، پارلاق قۇياش، نۇرلۇق ئاي يوق ئىدى. رەڭگارەڭ گۈل ـ چېچەكلەر، يېقىملىق سايراپ نەغمە ـ ناۋا قىلىشىدىغان قۇشلار بىلەن بۇ گۈزەل يەر شارىمىز يوق ئىدى. ئاللاھتىن باشقا ھېچبىر مەۋجۇدات يوق ئىدى. يالغۇز ئاللاھ بار ئىدى.

ئاللاھ يارىتىشنى خالىدى، بىز بار بولدۇق. ئۇنىڭ يارىتىشى بىلەن ئاسمانلار، زېمىن، قۇشلار، ھاشارەتلەر، دېڭىزلار، دەريالار بار بولدى. پۈتكۈل كائىنات ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەر بار بولدى. ئاللاھ «ۋۇجۇدقا كەل!» دېدى، ھەممە نەرسە بارلىققا كەلدى. ھەر بىر مەۋجۇداتنى، جانلىق ـ جانسىز پۈتكۈل مەخلۇقاتنى گۈزەل ياراتتى.

كۆرسۇن دەپ بىزگە كۆز بەردى، ئاڭلىسۇن دەپ قۇلاق بەردى. توغرا بىلەن خاتانى پەرقلەندۈرسۇن دەپ ئەقىل بەردى. جان بەردى بىزگە، قۇشلارغا، دەل ـ دەرەخلەرگە، گۈل ـ چېچەكلەرگە.

ئۇنىڭ يارىتىشى بىلەن جانلاندى بارلىق گۈزەللىكلەر.

گۈزەللەر گۈزىلى رەببىمىز گۈزەللىك بىلەن زىننەتلىدى يەر يۈزىنى.

كائىناتتىكى ھەر بىر مەۋجۇدات ئۆلچەملىك ھالدا بارلىققا كەلدى. مۇكەممەل تەڭپۇڭلۇق ۋە قائىدە ـ قانۇنىيەتلەر بەلگىلەندى كائىناتتا. يەر شارى ئۆز ئوربىتىسى ئەتراپىدا

ئايلىنىشقا، قۇياش نۇر چېچىشقا، قۇشلار نەغمە ـ ناۋا قىلىپ مۇڭلۇق سايراشقا باشلىدى.

ئۇلۇغ رەببىمىز ئىنسانلارنىڭ ئاتىسى ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ۋە ھاۋۋا ئانىمىزنى ياراتتى. سۆيگۈ ـ مۇھەببەت ياراتتى. ئادەم ئاتىمىز بىلەن ھاۋۋا ئانىمىز بىر ـ بىرىنى ياخشى كۆرۈشۈپ ئەر ـ خوتۇن بولدى. باللىرى تۇغۇلدى. ئىنسانلار كۆپىيىشكە باشلىدى. كۆپىيىپ، كۆپىيىپ يەر شارىغا تارقالدى. خىلمۇ ـ خىل تىل ۋە بىر قانچە خىل تەنلىك ھەر خىل قەۋملەر (مىللەتلەر) مەيدانغا كەلدى. ئىنسانلار توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىپ يېزا ـ قىشلاق، شەھەر ۋە دۆلەتلەرنى قوردى.

«ئاللاھ (ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتىن) پاك بولغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ.»

(تەۋبە سۈرىسى 108 ـ ئايەت)

## ئىشەندىم ئىمان ئېيتتىم

يەر شارىدا ھەر خىل يەرلەردە ياشاشقا باشلىغان ئىنسانلار ۋاقىت ئۆتكەنسىرى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ يول كۆرسەتكەن نەسىھەتلىرىنى بىر تەرەپكە قايرىپ قويدى. رەببى بەرگەن شۇنچە كۆپ ياخشى نېمەتلەرگە شۈكۈر قىلىشنى ئۇنتۇپ كەتتى. ئۆزئارا ئەسكىلىك قىلىشقا باشلىدى. بىر ـ بىرلىرىنى يۇقىتىش ئۈچۈن توختىماي ئۇرۇش قىلىشتى. قان تۆكتى يەر يۈزىدە، نۇرغۇن كىشىلەرنى ئۆلتۈرۈشتى.

ئۇلۇغ ئاللاھ ئۇلارغا توغرا يولنى خاتىرلىتىش، ئۇلارنى ناچار ھالەتتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن پەيغەمبەرلەر ۋە كىتابلار ئەۋەتتى.

پەيغەمبەرلەر ئىنسانلارغا ئاللاھنى بىلىشنى، ئۇنى ئۇنۇتماسلىقنى تاپىلىدى. ياخشى ئىش قىلىشنى، ئەخلاقلىق بولۇشنى، گۈزەل سۆز سۆزلەشنى، ئىناق ـ ئىتتىپاق قېرىنداشلىقنى سۆزلىدى. بەزى ئىنسانلار ئاللاھنىڭ ئەلچىلىرىگە ئىشىنىپ ئىمان ئېيتىشتى، **مۆمىن** بولدى.

قېتىپ كەتكەن تاش يۈرەكلىرىگە ئىماننىڭ ھارارەتلىك كۈچى تەسىر قىلمىغان بەزى كىشىلەر ئىنكار قىلىپ، **كاپىر**

بولدى، زېمىندا قەبىھ، ناچار ئىشلارنى، بۇزغۇنچىلىق قىلىشنى، قان تۆكۈشنى داۋاملاشتۇردى.

يەنە بەزى ئادەملەر ئىمان ئېيتقاندەك كۆرۈندى، ئەمما قەلبىدە ئىمان يوق ئىدى. ئۇلار ئىككى يۈزلىمچىلىك، يالغانچىلىق قىلىپ ئۆمرىنى ئۆتكۈزدى، مۇناپىق بولدى.

«ئاللاھ زالىملارنى دوست تۇتمايدۇ.»
(ئال-ئىمران سۈرىسى 140 ـ ئايەت)

## دىنىم ئىسلامدۇر مېنىڭ

رەببىمىز ئاللاھ بىز ئىنسانلارنىڭ بەختلىك، ھۆزۈرلۇق بىر ھايات ياشىشىمىز ئۈچۈن سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنى ۋە ئۇلۇغ دىنىمىز ئىسلامنى ئەۋەتتى.

ئىسلام قۇرئانى-كەرىمدە بىلدۈرۈلگەن قائىدە-قانۇنلارغا تولۇق ئىشىنىش ۋە بۇلارنى ئىجرا قىلىشتۇر.

دىن ئىنسانلارنى ياخشىلىققا، ھەققانىيەتكە، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ھۇزۇر-ھالاۋەتكە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن ياراتقۇچى بىلدۈرگەن ئىلاھىي ئەمرلەردۇر.

ئىسلام دىنى رەببىمىز تەرىپىدىن پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ئەۋەتىلگەن ئالەمشۇمۇل، مۇكەممەل بىر دىندۇر.

ئىسلام سالامەتلىك، بىرلىك-ئىتتىپاقلىق، تەرتىپ-ئىنتىزام، ھۇزۇر ۋە تىنچلىق دېگەنلىكتۇر.

ئىنسانلار ئىسلامنىڭ يېتەكچىلىكىدە نەچچە يۈز يىلدىن بۇيان ئۆزئارا قېرىنداش بولۇپ ئىناق-ئىتتىپاق ياشىغان. مۇسۇلمانلار ھەر ۋاقىت دۇنيادا خاتىرجەملىكنى، تىنچلىقنى قوغدىغان. ئاتا-بوۋىلىرىمىز خىلمۇ-خىل دىنغا ئىشىنىدىغان، ھەر خىل ئىرق، ھەر مىللەت كىشىلىرىنىڭ تىنچلىقتا بىللە ئىناق ياشىيالايدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن.

ئىسلام بىر سۆيگۈ-مۇھەببەت مەدەنىيىتىدۇر.

بىزگە مۇسۇلمان دېگەن بۇ ئىسىمنى ئاللاھ بەرگەن. ئاللاھقا ئىمان ئېيتقان، ئاللاھقا ئىشەنگەن ئادەم مۇسۇلمان دەپ ئاتىلىدۇ.

مۇسۇلمان ئىشەنچلىك، باشقىلارغا زىيان سالمايدىغان كىشى دېگەنلىكتۇر.

بىزنى مۇسۇلمان قىلىپ ياراتقانلىقى، مۇسۇلمان پېتى ياشاتقانلىقى ئۈچۈن رەببىمىزگە كۆپ شۈكۈر.

## ئاللاھ بىزنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدۇ

ئاللاھ ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىباندۇر. ئۇ بىزنى ياخشى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن يوقلۇقتىن بار قىلدى. بىز موھتاج بولىدىغان ھەممە نەرسىنى ياراتتى.

ئاللاھ بىزنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدۇ. ياخشى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن ئەۋەتتى بىزگە پەيغەمبەرلىرىنى. ئۇلار ئىنسانلارغا گۈزەللىكنى، ياخشىلىقنى ۋە دوروسلۇقنى، ھەققانىيلىقنى ئۆگەتتى. ناھەقچىلىق، ئەسكىلىك ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىشتىن ئۇزاق تۇرۇشىمىزنى جېكىلىدى. پەيغەمبەرلەر كەلمىگەن بولسا، ئۇلۇغ رەببىمىز ئۇلارنى بىزگە ئەۋەتمىگەن بولسا، بىزنىڭ ئەھۋالىمىز قانداق بولغان بولاتتى-ھە؟! قانداق تاپاتتۇق توغرا يولنى؟ بۇنچە كۆپ گۈزەللىككە قانداق ئېرىشكەن بولاتتۇق؟!

ئاللاھنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە، رازىلىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئىبادەت قىلىمىز. بىزنى تېخىمۇ بەك ياخشى كۆرسۇن دەپ ئۇ ياخشى كۆرمەيدىغان ناچار ئىشلاردىن يىراقلىشىمىز.

رەببىمىزنىڭ نېمىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقى، نېمىنى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىنى قۇرئانى-كەرىم ئوقۇش ئارقىلىق بىلىمىز. رەببىمىز ئەخلاقسىزلىقنى ياخشى كۆرمەيدۇ. يالغانچىلارنى، ناھەق ئىش قىلىدىغان زالىملارنى، ھاكاۋۇر مەنمەنچىلەرنى، ئىنكارچىلار (كاپىرلار)نى ياخشى كۆرمەيدۇ.

رەببىمىز ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنى ياخشى كۆرىدۇ. ئادىل ئىش قىلغۇچىلارنى، پاكىزە بولغۇچىلارنى، پېقىر-يوقسۇللارغا ياردەم قىلغۇچىلارنى ياخشى كۆرىدۇ. سان-ساناقسىز نېمەتلەر ئۈچۈن تەشەككۈر ئېيتىپ ئىبادەت قىلغۇچىلارنى ياخشى كۆرىدۇ.

**«ئاللاھ (مۆمىن بەندىلەرنىڭ گۇناھىنى) مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر. (ئۇلارنى) دوست تۇتقۇچىدۇر.»**

(بۇرۇج سۈرىسى 14-ئايەت)

رەببىمىز ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان بەندىلىرىنى مېھمان قىلىش ئۈچۈن جەننەتنى ياراتقان. تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە گۈزەللىكلەر بىلەن زىننەتلەنگەن جەننەت باغچىلىرىنى. جەننەت چەكسىز ھۇزۇر-ھالاۋەت ۋە بەخت-سائادەت يۇرتىدۇر.

ئىسلام جامائىتى سۆيگۈ-مۇھەببەت جامائىتىدۇر. بىز يارىتىلغۇچىلار (مەخلۇقاتلار)نى ياراتقۇچىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ياخشى كۆرىمىز.

«ئاللاھ ئىسراپ قىلغۇچىلارنى ياخشى كۆرمەيدۇ.»
(ئەئراف سۈرىسى 30-ئايەت)

## ئىسلامنىڭ شەرتلىرى

دىنىمىزدا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلگەن ئاساسلىق ئىبادەتلەر بار. بۇلار ئىسلامنىڭ شەرتلىرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. شۈبھىسىزكى، ئىبادەتلەر بۇلار بىلەنلا چەكلىك ئەمەس. ئەمما بۇ بەش ئىبادەت بەك مۇھىم:

1. كەلىمەئى شاھادەت ئېيتىش،
2. كۈندە بەش ۋاخ ناماز ئوقۇش،
3. رامىزاندا روزا تۇتۇش،
4. بايلار زاكات بېرىش،
5. ئۆمرىدە بىر قېتىم ھەج قىلىش.

## تۇنجى قەدەم: كەلىمەئى شاھادەت

**كەلىمەئى شاھادەت:** «ئەشھەدۇ ئەنلا ئىلاھە ئىللەللاھ ۋە ئەشھەدۇ ئەننە مۇھەممەدەن ئەبدۇھۇ ۋەرەسۇلۇھۇ»دۇر. مەنىسى: «گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر ۋە يەنە گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مۇھەممەد ئۇنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسىدۇر.» بۇنى سۆزلىگەن ۋاقتىمىزدا ئىسلامغا تۇنجى قەدەم تاشلىغان ۋە مۇسۇلمان بولغان بولىمەن. كەلىمەئى شاھادەت قەلبىتىكى ئىمانىنىڭ سۆز بىلەن ئىپادىلىنىشىدۇر. بۇ سۆزلەرگە ئىشەنگەن ھەر خىل ئىرق، ھەر مىللەت، مىليونلارچە ئىنسان ئۆزئارا قېرىنداش بولىدۇ. چۈنكى مۆمىنلەر قېرىنداشتۇر.

**كەلىمەئى تەۋھىد** ئىسلامنىڭ مېغىزىدۇر. كەلىمەئى تەۋھىد: «لا ئىلاھە ئىللەللاھ مۇھەممەدۇر رەسۇلۇللاھ»؛ «ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر، مۇھەممەد ئاللاھنىڭ ئەلچىسىدۇر» دېگەنلىك بولىدۇ. بۇنىڭدا ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىگە ئىمان ئېيتىشتىن ئىبارەت ئەڭ ئاساسلىق پرىنسىپ ئىپادىلەنگەن.

ئاللاھنىڭ مېنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلىمەن. ئۇنىڭ مۇھەببىتىدىن ئايرىلىپ قالماسلىق ئۈچۈن تىرىشىمەن. مېنىڭ دىنىم تىنچلىق دىنىدۇر. خاتىرجەملىك دىنىدۇر. تىنچ-ئامانلىقنى ئېلىپ بارىدۇ دىنىم. ياخشىلىقنى، گۈزەللىكنى ئېلىپ بارىدۇ.

«جىنلارنى ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم.»
(زارىيات سۈرىسى 56-ئايەت)

## ھەر گۈزەل ئىش ئىبادەتتۇر

**ئىبادەت** — بىز پەيغەمبەرلىرىمىزدىن ئۆگەنگەن، ئاللاھنى رازى قىلىدىغان گەپ-سۆز، مۇئامىلە ۋە ئىش-ھەرىكەتلەردۇر. تاھارەت ئېلىش، ناماز ئوقۇش، گۈزەل سۆز-ھەرىكەتتە بولۇش، ئاتا-ئانىمىزغا ياخشى مۇئامىلە قىلىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىبادەتتۇر. بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئىنسانلارنى ياخشىلىققا بۇيرۇش، يامانلىقنى توسۇش، قۇرئانى-كەرىم ئوقۇش، ھالال ئىشلەش، ئاداۋەتلىشىپ قالغانلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ قويۇش، غېرىب يېتىملارغا ياردەم بېرىش، كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىبادەتتۇر.

ئۇۋىسىدىن چۈشۈپ كەتكەن بىر قۇش بالىسىنى ئۇۋىسىغا قويۇپ قويۇش، ياشىنىپ قالغان كىشىلەرنى قولىدىن تۇتۇپ يولدىن ئۆتۈشكە ياردەم قىلىش، ئاغرىپ قالغانلارنى يوقلاش، ياخشى كۆرىدىغان كىشىلىرىمىزگە كۈلۈمسىرەپ قاراش، ئۇسساپ قالغان گۈلگە سۇ قويۇش قاتارلىقلارمۇ ئىبادەتتۇر.

ئىبادەتلەر ئىش-ھەرىكىتىمىزنى گۈزەللەشتۈرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىز گۈزەللىشىمىز، ھايات گۈزەللىشىدۇ.

ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ قىلىنغان ھەر قانداق ئىش ئىبادەتتۇر.



«ئاللاھنىڭ يولىدا (پۇل ـ مال) سەرپ قىلىڭلار، ئېھسان قىلغۇچىلارنى ئاللاھ ھەقىقەتەن دوست تۇتىدۇ.» (بەقەرە سۈرىسى 195 ـ ئايەت)

ئىبادەتلىرىمىز رەببىمىزگە بولغان سۆيگۈمىزنىڭ بىر ئىشارىتى ۋە ئىپادىسىدۇر.
باشقىلار كۆرسۇن دەپ رىياكارلىق بىلەن ئىبادەت قىلىش ئىبادەتلىرىمىزنىڭ ساۋابىنىڭ يوق بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ.
ئۇلۇغ رەببىمىز، بىز سىزنى بىر دەپ بىلىمىز ۋە يالغۇز ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز.
چۈنكى پەقەتلا ياراتقۇچىغا ئىبادەت قىلىش كېرەك.
سەن ئىبادەت قىلىنىشقا لايىق يېگانە ئىلاھسەن ئاللاھىم.

«مەن نامازنى قانداق ئۆتىگەن بولسام، سىلەرمۇ شۇنداق ئۆتەڭلار.»
(بۇخارى، «ئەزان»، 18)

## رەببىمىزگە تەشەككۈر

بىزنى يوقتىن بار قىلغان، ياشاتقان، سان ـ ساناقسىز نېمەتلەرنى، گۈزەللىكلەرنى بەرگەن رەببىمىزگە تەشەككۈر ئېيتىشىمىز ۋە ئۇنىڭغا چىن دىلىمىزدىن ئىبادەت قىلىشىمىز كېرەك.
ئۇنداقتا، ئۇلۇغ ياراتقۇچىمىزغا قانداق تەشەككۈر ئېيتساق بولىدۇ؟
رەببىمىز بەرگەن نېمەتلەرنى ئىشلەتكەندە «ئەلھەمدۇلىللاھ» دەپ تىلىمىزدا شۈكۈر قىلىمىز.
سۇغا تەشنا بىر تۈپ گۈلگە، كۆچەتكە سۇ قۇيغاچ، رەببىمىزنىڭ بىزگە بۇ گۈزەل نېمەتلەرنى بەرگەنلىكى ئۈچۈن تەشەككۈر ئېيتىمىز.
ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش ئارقىلىق بەدىنىمىز بىلەن تەشەككۈر ئېيتىمىز.
پېقىر، موھتاجلارنىڭ، غېرىب ـ مىسكىنلەرنىڭ ئېھتىياجىنى قامداش ئۈچۈن زاكات بېرىپ، مېلىمىز بىلەن تەشەككۈر ئېيتىمىز.
مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىز بىلەن بىر يەرگە جەم بولۇپ ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن كەبىنى زىيارەت قىلىپ، مېلىمىز ۋە بەدىنىمىز بىلەن رەببىمىزگە تەشەككۈر ئېيتىمىز.

## ئىبادەتلىرىمىزنى پەيغەمبىرىمىزدىن ئۆگىنىمىز

مۇقەددەس كىتابىمىز قۇرئانى ـ كەرىمدە ئىبادەتلىرىمىزنىڭ ئاساسلىق قائىدە ـ پرىنسىپلىرى بايان قىلىنغان. بۇ ئۇلۇغ كىتابىمىزدا رەببىمىز بىزگە قىلىشىمىزغا تېگىشلىك بولغان ئىبادەتلەرنى بىلدۈرگەن. بۇ ئىبادەتلەرنى كونكرېت قانداق ئادا قىلىشىمىز كېرەكلىكىنى بولسا، بىزگە سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ئۈلگە بولۇپ ئۆگەتكەن. مەسىلەن: «مەن نامازنى قانداق ئۆتىگەن بولسام، سىلەرمۇ شۇنداق ئۆتەڭلار» دېگەن. شۇڭا بىز نامازلىرىمىزنى پەيغەمبىرىمىز ئۆگەتكىنى بويىچە ئۆتىسەك بولىدۇ.

ئۇلۇغ ئاللاھ قۇرئانى ـ كەرىمدە بارلىق ئىش ـ ھەرىكىتىمىزدە سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزگە ئەگىشىشىمىز كېرەكلىكىنى، ئۇنىڭ بىز ئۈچۈن ئەڭ گۈزەل ئۆرنەك (ئۈسۋەئى ـ ھەسەنە) ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن.

«مۇسۇلمان قولى ۋە تىلى بىلەن باشقىلارغا زىيان سالمايدىغان كىشىدۇر.»
(مۇسلىم، «ئىمان»، 14)

## ئىبادەتلەرگە مۇناسىۋەتلىك ئاتالغۇلار

ئىنسان ئۆزىنىڭ ياراتقۇچىسى ئالدىدىكى ۋەزىپىلىرىنى ئىبادەت ئۇقۇمى بىلەن ئىپادىلەيدۇ. ئىبادەتلىرىمىز ئۈچۈن بىر قانچە خىل ئۇقۇم قوللىنىلىدۇ.

ھەر بىر مۇسۇلمان قىلماسلىققا ئېنىق باھانە ـ سەۋەبى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا چوقۇم قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ئىش ـ ھەرىكەتلەر پەرز دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: ناماز ئوقۇش، رامىزاندا روزا تۇتۇش، زاكات بېرىش، ئۆمرىدە بىر قېتىم ھەج قىلىش قاتارلىقلار پەرز بولغان ئىبادەتلەردۇر.

مۇسۇلمان قىلىشقا تېگىشلىك دەپ قارالغان ئىش ـ ھەرىكەتلەر ۋاجىب دەپ ئاتىلىدۇ. ۋاجىبنىڭ پەرزدىن پەرقى شۇكى، قىلىش تەلەپ قىلىنغان ئىش ـ ھەرىكەت پەرزدەك كەسكىن ئەمەس. قۇربانلىق قىلىش، ھېيت نامىزى ۋە ۋىتىر


نامىزى ئوقۇش، پىتىر سەدىقىسى بېرىش قاتارلىقلار ۋاجىب ئىبادەتلەر جۈملىسىدىندۇر.

پەرز ۋە ۋاجىب ئىبادەتلەردىن تاشقىرى، سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز قىلغان ۋە بىزنىڭمۇ قىلىشىمىزنى تەۋسىيە قىلغان ئىش-ھەرىكەتلەر دىنىمىزدا **سۈننەت** دەپ ئاتىلىدۇ. تەراۋىھ نامىزى ئوقۇش، تاماقتىن ئىلگىرى ۋە كېيىن قول يۇيۇش، چىش چوتكىلاش قاتارلىقلار سۈننەتتۇر. سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنىڭ نۇرغۇن گۈزەل ئىشلىرى، سۈننەتلىرى بار.

دىنىمىزدا قىلىنىشى ئېنىق چەكلەنگەن ئىشلار، ئاللاھ ھېچ ياخشى كۆرمەيدىغان ئىش-ھەرىكەتلەر **ھارام** دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: قاتىللىق، يالغانچىلىق، ئوغرىلىق، قىمار ئويناش قاتارلىقلار قەبىھ، ناچار قىلمىش بولۇپ، دىنىمىزدە ھارامدۇر. چوشقا گۆشى يېيىش ۋە ھاراق ئىچىشمۇ دىنىمىزدا ھارام قىلىنغان بولۇپ، چەكلەنگەن ئىشلار جۈملىسىدىندۇر.

**مەكرۇھ** بولسا، بۇنى قىلىش دىنىمىزدا قارشى ئېلىنمايدىغان قىلمىشلاردۇر. مەسىلەن: نامازدا داۋاملىق ئوڭ سول تەرەپكە قاراش، مۇھىتنى بولغاش قاتارلىق قىلمىشلار مەكرۇھتۇر، قارشى ئېلىنمايدۇ.

ئىبادەتلىرىمىز ۋە گۈزەل ئىش-ھەرىكەتلىرىمىز نەتىجىسىدە رەببىمىز بىزگە بەرگەن مۇكاپات **ساۋاب** دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇلۇغ ئاللاھ قىيامەت كۈنى مۇسۇلمانلارنى گۈزەل ئىش-ھەرىكەتلىرى، ياخشىلىقلىرى ۋە ساۋابلىرىغا ئاساسەن جەننەتتە مېھمان قىلىدۇ.



«ئی مۆمنلەر! (سلەر تاھارەتسز بولۇپ) ناماز (ئوقۇماقچی بولۇپ) تۇرغننگلاردا، يۈزۈڭلارنی يۇيۇڭلار، قولۇڭلارنی جەينكڭلار بلەن قوشۇپ يۇيۇڭلار، بېشڭلارغا مەسهی قلڭلار، پۇتۇڭلارنی ئوشۇقۇڭلار بلەن قوشۇپ يۇيۇڭلار، سۇ تاپالمساڭلار، پاك توپراقتا تەيەممۇم قلڭلار.»

(مائدە سۈرسی 6-ئايەت)

ئىككىنچى باب

# پاكىزلىق ئىماندىندۇر

«پاكىزلىق ئىماننىڭ يېرىمىدۇر.»
(مۇسلىم، «تاھارەت»، 1)

## ئىسلام پاكىزلىق دىنىدۇر

داۋاملىق يۇيۇنۇپ تۇرۇشىمىز، چىشلىرىمىزنى ھەر كۈنى چوتكىلىشىمىز، بەدەن تازىلىقىغا دىققەت قىلىشىمىز كېرەك. ھاجەتخانىلارنىڭ تازىلىقىمۇ ئىنتايىن مۇھىمدۇر. يەنە كىيىم-كېچەك ۋە مۇھىتىمىزنىڭ تازىلىقىغىمۇ ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك.

تازىلىق پەقەتلا بۇلاردىن ئىبارەت ئەمەس. قەلبىمىزنى چىدىماسلىق ۋە شەخسىيەتچىلىك قاتارلىق ناچار تۇيغۇلاردىنمۇ تازىلىشىمىز كېرەك.

رەببىمىزگە گۈزەل ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن ئىچى-تېشىمىزنى پاك-پاكىزە قىلىشىمىز كېرەك.

## تاھارەت ئالدىم پاكىزلاندىم

ناماز ئوقۇش، كەبىنى تاۋاپ قىلىش قاتارلىق نۇرغۇنلىغان ئىبادەتلەرنى ئادا قىلىشتىن ئىلگىرى تاھارەت ئېلىشىمىز كېرەك. **تاھارەت ئېلىش** بولسا، ئىبادەتتىن ئىلگىرىكى بىر ئالدىن تەييارلىق بولغان پاكىزلىنىش ئۇسۇلىدۇر.

قىلىدىغان ئىشلىرىمىزنى: «بىسمىللاھ» دەپ باشلىغىنىمىزدەك، ئىبادەتلىرىمىزنى باشلىغاندىمۇ: «بىسمىللاھىررەھمانىررەھىيم» دەيمىز.

تاھارەت ئېلىشقا ئالدى بىلەن بىسمىللاھ دەپ نىيەت قىلغاچ باشلايمىز. قولىمىزنى يۇيىمىز. ئاغزى-بۇرنىمىزغا ئۈچ قېتىمدىن سۇ ئېلىپ پاكىزلايمىز. يۈزىمىزنى پاكىزە يۇيغاندىن كېيىن بىلەكلىرىمىزنى جەينىكىمىز بىلەن قوشۇپ يۇيىمىز. ھۆل قولىمىز بىلەن بېشىمىزنى سىلايمىز، يەنى مەسھى قىلىمىز. يەنە قولىمىزنى نەمدەپ بارمىقىمىز بىلەن قۇلىقىمىزنى پاكىزلىغاندىن كېيىن، ھۆل قولىمىز بىلەن بوينىمىزغا مەسھى قىلىمىز. ئاخىرىدا پۇتىمىزنى پاكىزە يۇيىمىز، تاھارەت ئېلىشىمىز شۇنىڭ بىلەن تامام.

تاھارەت ئالغاندا سۇنى ئارتۇق ئېقىتىپ ئىسراپ قىلماسلىققا دىققەت قىلىشىمىز كېرەك.

بەدىنىمىزدە بىرەر زېدە ياكى يارا تۇپەيلى داكا بىلەن تېڭىلغان يەر بولسا، قولىمىزنى نەمدەپ ئۇنىڭ ئۈستىگە مەسھى قىلساق بولىدۇ.

ھازىر نامىزىمىزنى ئوقۇساق بولىدۇ. پاك-پاكىزە تۇردۇق رەببىمىزنىڭ ھۇزۇرىدا.

كۈندە بەش ۋاخ تاھارەت ئېلىپ، بەدىنىمىزدىكى ئەڭ تىز كىرلىشىدىغان يەرلەرنى يۇيۇپ پاكىزلايمىز. تاھارەت ئېلىش بىزنى پاكىزلىققا ئادەتلەندۈرىدۇ.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز پاكىزلىققا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرەتتى. پاكىزلىققا دىققەت قىلمايدىغان كىشىلەرنى ياقتۇرمايتتى.

سالامەتلىكىمىزنى ئاسراش ئۈچۈن پاكىزە بولۇشىمىز كېرەك.

تاھارەت ئالغاندا پەقەتلا پۇت-قولىمىزدىكى كىرنى يۇيۇش بىلەن كۇپايە قىلمايمىز، شۇنىڭ بىلەن بىرگە قەلبىمىز ۋە

«ئىسلام بەش ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلغان: ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق ئىكەنلىكىگە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، ھەج قىلىش، رامىزاندا روزا تۇتۇش.»

(بۇخارى، «ئىمان»، 2)

زېھنىمىزدىكى ناچار ئوي ـ خىياللاردىنمۇ پاكىزلىنىپ، نامازغا ھازىرلىنىمىز.

## تاھارىتىم سۇندىمۇ؟

تۆۋەندىكى ئىشلاردىن بىرنى قىلساق، تاھارىتىمىز سۇنۇپ كېتىدۇ:

1. چوڭ ـ كىچىك تەرەت قىلساق،
2. بەدىنىمىزنىڭ ھەر قانداق بىر يېرىدىن قان چىقسا،
3. ئاغزىمىز توشقۇدەك قۇسساق،
4. يەل چىقسا (ئۇسۇرساق)،
5. ئۇخلىساق،
6. ناماز ئوقۇۋاتقاندا باشقىلار ئاڭلىغۇدەك ئاۋازدا كۈلسەك،
7. ھوشىمىزدىن كەتسەك.

«ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ نەزىرىدە مەقبۇل دىن ئىسلام (دىنى)دۇر.»
(ئال ئىمران سۈرىسى 19 ـ ئايەت)

## توپراققا ئۇردۇم قولۇمنى: تەيەممۇم

ئىبادەتلىرىمىزنى ئادا قىلغاندا قىيىنچىلىقلارغا ئۇچراپ قالساق، دىنىمىز بىزگە كۆپ ئاسانلىق يارىتىپ بېرىدۇ. تەيەممۇم مانا مۇشۇ ئاسانلىقلاردىن بىرى. تاھارەت ئېلىش ئۈچۈن سۇ تاپالمىساق ياكى تاپقان سۇيىمىز ئىشلەتكىلى بولمايدىغان دەرىجىدە ئىنتايىن پاسكىنا بولسا، توپا بىلەن تەيەممۇم قىلىمىز.

تەيەممۇم ئۈچۈن ئالدى بىلەن بىسمىللاھ دەپ نىيەت قىلىمىز. ئاندىن ئالقىنىمىزنى پاكىزە توپىغا تەككۈزگەندىن كېيىن (قولىمىزنى يېنىك سىلكىۋېتىپ) يۈزىمىزنى سىلايمىز (مەسھى قىلىمىز). يەنە قولىمىزنى توپىغا ئۇرۇپ ياكى تەككۈزۈپ بىلەكلىرىمىزنى جەينەك بىلەن قوشۇپ سىلايمىز. شۇنىڭ بىلەن تەيەممۇم قىلغان بولىمىز. تاھارەت بىلەن ئادا قىلىش شەرت بولغان ناماز ئوقۇش، كەبىنى تاۋاپ قىلىش قاتارلىق ئىبادەتلەرنى ئادا قىلالايمىز.

تاھارەتنى سۇندۇرىدىغان ئىشلار تەيەممۇمنىمۇ بۇزىدۇ. سۇ تاپالمىغاندا تەيەممۇم قىلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن، سۇ تېپىلغان ھامان، تەيەممۇممۇ بۇزۇلىدۇ.

## باشتىن ئاياققىچە پاكىزە بولدۇم: بوي تەرەت

غۇسۇل (بوي تەرەت)نى باشلىغاندا بىسمىللاھ دەپ «غۇسۇل-تاھارەت ئېلىشقا نىيەت قىلدىم» دەيمىز. ئالدى بىلەن قولىمىزنى، بەدىنىمىزدىكى كىر يەرلەرنى ۋە ئەۋرىتىمىزنى يۇيۇپ پاكىزلايمىز.

ئوڭ قولىمىزدا ئېغىزىمىزغا ئۈچ قېتىم سۇ ئېلىپ، ھەر قېتىمدا بوغۇزىمىزغىچە غار-غار قىلىپ ئاغزىمىزنىڭ ئىچىنى ئوبدان چايقايمىز. ئاندىن يەنە ئوڭ قولىمىزدا بۇرنىمىزغا ئۈچ قېتىم سۇ ئېلىپ، ھەر قېتىمدا سول قولىمىزدا بۇرنىمىزنى مىشقىرىپ يۇيىمىز.

ئاندىن نامازغا تاھارەت ئالغاندەك تاھارەت ئالىمىز. تاھارەت ئېلىپ بولغاندىن كېيىن بېشىمىزغا ئۈچ قېتىم، ئوڭ مۆرىمىزگە ئۈچ قېتىم، سول مۆرىمىزگە ئۈچ قېتىم سۇ تۆكۈپ يۇيۇنىمىز. ھەر قېتىم سۇ تۆككىنىمىزدە بەدىنىمىزنى ياخشى ئۇگىلايمىز، قۇرۇق يەر قېلىپ قالماسلىقىغا دىققەت قىلىمىز.

غۇسۇل تاھارەت جەريانىدا قۇلاقنىڭ ئىچى، قۇلاقتىكى مونچاق سالىدىغان تۆشۈك، كىندىك، چىش ۋە چاچنىڭ تېگىنىڭ پاكىزە يۇيۇلۇشىغا دىققەت قىلىشىمىز كېرەك.

غۇسۇل جەريانىدا دۇئا ئوقۇلمايدۇ، بىكار پاراڭ قىلىنمايدۇ. ھەددىدىن ئارتۇق سۇ ئىشلىتىلمەيدۇ، چۈنكى ئاللاھ ئىسراپ قىلغۇچىلارنى ياخشى كۆرمەيدۇ.

ھەپتىدە ئەڭ ئاز بىر قېتىم مونچىغا چۈشۈش ئىشىنى، بولسا جۈمە كۈنى ئەتىگەن غۇسۇل قىلىش بىلەن قىلساق ياخشى بولىدۇ. بۇنداقتا ھەم ھەپتىلىك تازىلىقىمىزنى قىلغان بولىمىز، ھەمدە سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننىتىگە ئەمەل قىلىپ، ئۇلۇغ رەببىمىزنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشكەن بولىمىز.

«سىلەردىن بىرەيلەننىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدا ئېقىپ تۇرغان بىر دەريا بولسا، ئۇ كىشى ھەر كۈنى شۇ دەريادا بەش قېتىم يۇيۇنسا، ئۇنىڭ بەدىنىدە كىر قالامدۇ؟ بەش ۋاخ نامازمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشايدۇ. ئاللاھ ناماز بىلەن خاتالىقلىرىڭلارنى، گۇناھلىرىڭلارنى يوق قىلىدۇ.»

(بۇخارى، «مەۋاقىت»، 6)



«نامازنى ئادا قىلىڭلار، زاكاتنى بېرىڭلار، ئۆزەڭلار
ئۈچۈن ئىشلىگەن ھەر قانداق ياخشى ئەمەل بولسا،
ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئۇنىڭ ساۋابىنى تاپىسىلەر،
ئاللاھ ھەقىقەتەن قىلغان ئەمەلىڭلارنى كۆرۈپ
تۇرغۇچىدۇر.» (بەقەرە سۈرىسى 110 ـ ئايەت)

ئۈچىنچى باب

# دىنىنىڭ تۈۋرۈكى: ناماز

«نامازنى ئادا قىلىڭلار، زاكاتنى بېرىڭلار، رۇكۇ قىلغۇچىلار بىلەن بىللە رۇكۇ قىلىڭلار.»

(بەقەرە سۈرىسى 43-ئايەت)

## ئىبادەتلىرىمىزدىن ناماز

ئىسلامنىڭ ئاساسلىق بەش شەرتىنىڭ ئىككىنچىسى ناماز ئوقۇشتۇر. ناماز رەببىمىزگە بولغان سۆيگۈ-مۇھەببەت، ئىتائەت ۋە چىن كۆڭۈلدىن باغلىنىشنى ھەر ۋاقىت كۈچەيتىپ تۇرىشىمىزغا تۈرتكە بولىدىغان ئىبادەتلەرنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرىدۇ. كىتابىمىز قۇرئانى-كەرىم ۋە سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىسلىرىدە نامازنىڭ ئەھمىيىتى داۋاملىق تەكىتلەنگەن. بۇ جەھەتتە ناماز دىنىنىڭ تۈۋرۈكى ھېسابلىنىدىغان بىر ئىبادەتتۇر.

ئاللاھ ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ قەۋمىنى ناماز ئوقۇشقا بۇيرىغان.

بالاغەتكە يەتكەن، ئەقلى-ھۇشى جايىدا ھەر بىر مۇسۇلمان ناماز ئوقۇشى لازىم.

## نامازغا تەييارلىق

نامازنى باشلاشتىن ئىلگىرى ناماز ئوقۇش ئۈچۈن بىر نەچچە شەرتنى ئورۇنلىشىمىز كېرەك. ئالدى بىلەن تاھارەت ئېلىشىمىز لازىم. كىيىنىشىمىز جايىدا، ناماز ئوقۇيدىغان يەر ۋە كىيىم-كېچەكلىرىمىز پاكىزە بولۇشى كېرەك. نامازنىڭ ۋاقتى كىرگەن بولۇشى لازىم. مەسىلەن: نامازشامنى ۋاقتى كىرىشتىن ئىلگىرى ئوقۇيالمايمىز. يۈزىمىز كەبە يۆنىلىشىگە، يەنى قىبلىگە قارىغان بولۇشى كېرەك، ئاندىن نىيەت قىلىپ نامازغا باشلايمىز.

يەر شارىنىڭ قانداق يېرىدە تۇرغان بولۇشىمىزدىن قەتئىينەزەر، ناماز ئوقۇۋاتقاندا يۈزىمىزنى ئاللاھنىڭ بەيتى كەبە تەرەپكە قاراتقاندا كۆڭلىمىزنىمۇ پەقەت ئاللاھقا قارىتىشىمىز، ئاللاھتىن باشقا ھەر قانداق شەيئىنى كۆڭلىمىزدىن چىقىرىپ تاشلىشىمىز لازىم.

«ناماز دىنىنىڭ تۈۋرۈكىدۇر.»
(تىرمىزى، «ئىمان»، 8)

## كېلىڭلار ناماز ئوقۇيلى

ئاۋۋال سۇنى ئىسراپ قىلماي كۆڭۈل قويۇپ بىر تاھارەت ئالايلى. كىيىم-كېچەكلىرىمىزنى رەتلىك كىيىپ، ئانىمىز چىرايلىق كەشتىلەپ تىككەن جاينامازنى قىبلە تەرەپكە قارىتىپ يەرگە سالايلى. بىز تۇرىۋاتقان يەردە ئەگەر جايناماز بولمىسا، يەر پاكىزە بولسىلا بولىۋېرىدۇ، توپا ئۈستىدىمۇ نامىزىمىزنى ئوقۇيالايمىز.

ئەرلەر ئىككى قولىنى كۆتىرىپ باش بارمىقىنى قولىقىنىڭ ئاستىغا يېقىنلاپ تەككۈزىدۇ. ئاياللار بولسا قولىنى كۆكسىنىڭ ئۈستىدىن بىر ئاز كۆتىرىپ **ئاللاھۇ ئەكبەر** دەپ نامازغا باشلايدۇ. ئەرلەر قوللىرىنى كىندىكىنىڭ ئۈستىدە باغلاشتۇرىدۇ، ئاياللار كۆكسىنىڭ ئۈستىدە قول باغلايدۇ. سۇبھانەكە دۇئاسىنى ئوقۇغاندىن كېيىن «ئەئۇزۇبىللاھى مىنەششەيتانىرراجىيم، بىسمىللاھىررەھمانىررەھىيم» دەپ فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇيمىز. فاتىھەدىن كېيىن ئۆزىمىز بىلىدىغان بىر سۈرىنى ئوقۇپ، يەنە **ئاللاھۇ ئەكبەر** دەپ قولىمىز بىلەن تىزىمىزنى تۇتۇپ رۇكۇغا ئېگىلىمىز. رۇكۇدا ئۈچ قېتىم **سۇبھانە رەببىيەل ئازىم**، يەنى «ئەڭ ئۇلۇغ رەببىم، بارلىق نۇقسان سۈپەتلەردىن ئۇزاقسەن» دەيمىز. رۇكۇدىن **سەمىئاللاھۇ لىمەن ھەمىدە**، يەنى «ئاللاھىم سەن شۈكۈر قىلغۇچىلارنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىسەن» دېگەچ رۇسلىنىمىز. ئۆرە تۇرغاندا **رەببەنا لەكەل ھامد**، يەنى «ئەي رەببىمىز پۈتكۈل تەشەككۈرلىرىمىز يالغۇز سەن ئۈچۈندۇر» دەپ ۋە **ئاللاھۇ ئەكبەر** دەپ پېشانىمىزنى يەرگە قويۇپ سەجدە قىلىمىز. سەجدىدە ئۈچ قېتىم **سۇبھانە رەببىيەل ئالا**، يەنى «ئۇلۇغلارنىڭ ئەڭ ئۇلۇغى ئاللاھىم، سەن بارلىق نوقسان

سۈپەتلەردىن پاكسەن» دېگەندىن كېيىن **ئاللاھۇ ئەكبەر** دەپ تىزىمىزنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرىمىز. ئاندىن يەنە **ئاللاھۇ ئەكبەر** دەپ ئىككىنچى قېتىملىق سەجدىگە بېرىپ 3 قېتىم **سۇبھانە رەببىيەل ئالا** دەيمىز. ئادەم سەجدىدە ياراتقۇچىسىغا ئەڭ يېقىن بولىدۇ. **ئاللاھۇ ئەكبەر** دەپ ئورنىمىزدىن تۇرغان ۋاقتىمىزدا نامازنىڭ بىرىنچى رەكئىتى تاماملىنىدۇ.

ئىككىنچى رەكئەت ئۈچۈن ئورنىمىزدىن تۇرغان ۋاقتىمىزدا بىسمىللاھ دەپ فاتىھە بىلەن بىللە ئۆزىمىز بىلىدىغان بىر سۈرە ئوقۇيمىز. بىرىنچى رەكئەتتىكىگە ئوخشاش رۇكۇ ۋە سەجدە قىلغاندىن كېيىن ئولتۇرىمىز. ئەتتەھىيياتۇ، ئاللاھۇممە سەللى ئالا، ئاللاھۇممە بارىك ئالا ۋە ئاللاھۇممە رەببەنا دۇئاسىنى ئوقۇغاندىن كېيىن بېشىمىزنى ئاۋۋال ئوڭ مۈرىمىزگە، ئاندىن سول مۈرىمىزگە ئاستا قارىتىپ **ئەسسەلامۇ ئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللاھ**، يەنى «ئاللاھنىڭ سالامى ۋە رەھمىتى سىلەرگە بولسۇن» دەپ سالام بېرىپ نامىزىمىزنى تاماملايمىز. بۇنىڭ بىلەن بامدات نامىزىنىڭ 2 رەكئەتلىك سۈننىتىنى ئوقۇغان بولىمىز.

بامدات نامىزىنىڭ 2 رەكئەت پەرزى بىلەن باشقا بارلىق 2 رەكئەتلىك نامازلار يۇقارىقىدەك ئوقۇلىدۇ.

3 ۋە 4 رەكئەتلىك نامازلاردا بولسا، ئىككىنچى رەكئەتنىڭ ئاخىرىدا ئولتۇرغاندا ئەتتەھىيياتۇ دۇئاسى ئوقۇلغاندىن كېيىن، **ئاللاھۇ ئەكبەر** دەپ ئورنىمىزدىن تۇرىمىز. بىسمىللاھ دەپ پەقەتلا فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇغاندىن كېيىن رۇكۇ ۋە سەجدە ئۈچۈن ئېگىلىمىز. تۆتىنچى رەكئەت ئۈچۈن ئورنىمىزدىن تۇرغاندا يەنە فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇپ، رۇكۇ، سەجدە قىلىنىدۇ. تۆتىنچى رەكئەتنىڭ ئاخىرىدا ئولتۇرغاندا ئەتتەھىيياتۇ، ئاللاھۇممە سەللى ئالا، ئاللاھۇممە بارىك ئالا، ئاللاھۇممە رەببەنا دۇئالىرىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، **ئەسسەلامۇ ئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللاھ** دەپ ئوڭ سول ئىككى تەرەپكە سالام بېرىلىدۇ.

**«ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، ناماز ئوقۇغان ۋە زاكات بەرگەن كىشىلەر رەببىنىڭ دەرگاھىدا (چوڭ) ساۋابقا ئېرىشىدۇ، ئۇلاردا (ئاخىرەتتە) قورقۇنچ ۋە غەم ـ قايغۇ بولمايدۇ.»**

(بەقەرە سۈرىسى 277 ـ ئايەت)

ناماز شامنىڭ پەرزى 3 رەكئەتتۇر. ئىككىنچى رەكئەتتىن كېيىن ئەتتەھىيياتۇ دۇئاسىنى ئوقۇپ، ئورنىمىزدىن تۇرغان ۋاقتىمىزدا پەقەتلا بىسمىللاھ بىلەن فاتىھە سۈرىسى ئوقۇيمىز. رۇكۇ، سەجدە ۋە ئولتۇرغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئالار يۇقىرىدىكى نامازلاردىكى بىلەن ئوخشاش.

نامازلارنىڭ ھەر بىر رەكئەتىدە فاتىھە سۈرىسىنى چوقۇم ئوقۇش كېرەك.

ئاغرىپ قالغان بىمارلار نامىزىنى ئولتۇرۇپ ياكى يېتىپ ئىما ـ ئىشارەت بىلەن (كۆزىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ) ئوقۇسا بولىدۇ.

ئۇنتۇپ قالغان ياكى ئوقۇيالمىغان چاغلىرىمىزدا نامازلىرىمىزنىڭ قازاسىنى ئوقۇساق بولىدۇ. بۇنداقتا پەقەتلا پەرز نامازلار ئوقۇلىدۇ.

ئاياللار ئادەت كۆرگەندە ناماز ئوقۇيالمايدۇ، بۇ نامازلارنىڭ كېيىن قازاسىنى ئوقۇمىسىمۇ بولىدۇ.

سەپەرگە چىققانلار مۇئەييەن بىر مۇساپىدىن (90 كىلومېتىردىن) كېيىن نامازنىڭ پەرزىنى 2 رەكئەت قىلىپ ئوقۇيدۇ. ناماز شام بىلەن ۋىترى ۋاجىب نامىزى قىسقارتىلماي ئوقۇلىدۇ. نامازنى قەسىر قىلىپ (قىسقارتىپ ئوقۇش) ئىبادەتلىرىمىزنى جاپا تارتماي ئادا قىلىشىمىز ئۈچۈن بىزگە بېرىلگەن ئاسانلىقتۇر.

ناماز ئوقۇغاندا تېز ـ تېز ھەرىكەت قىلماي، ئاستا ـ ئاستا ئوقۇشىمىز كېرەك.

«ئى ئوغۇلچىقىم! نامازنى (ۋاقتىدا تەئدىل ئەركان بىلەن) ئوقۇغىن، (كىشىلەرنى) ياخشىلىققا بۇيرۇغىن، يامانلىقتىن توسقىن، ساڭا يەتكەن كۆلپەتلەرگە سەۋر قىلغىن.»
(لوقمان سۈرىسى 17 ـ ئايەت)

## نامازدىن كېيىنكى دۇئا

نامىزىمىزنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، تەسبىھ ئېيتىپ، دۇئا قىلىمىز. دۇئالىرىمىزدا ھەممىنى ياراتقۇچى رەببىمىزدىن تىلەكلىرىمىزنى ئىجابەت قىلىشىنى، بىزگە ياردەم قىلىشىنى تىلەيمىز. قانداق ھاجىتىمىز بولسا ئېيتىمىز. چۈنكى رەببىمىز بىز قولىمىزنى ئاچقاندا دۇئايىمىزنى ئاڭلىغۇدەك يېقىن بىزگە.

چىن دىلىمىزدىن ئۇنىڭغا يۈزلىنىپ، پەقەتلا ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىمىز، پەقەتلا ئۇنىڭدىن ياردەم تىلەيمىز.

## نامىزىم بۇزۇلدىمۇ؟

تۆۋەندىكى ئىشلارنى قىلساق، ناماز بۇزۇلىدۇ:

1. نامازدا پاراڭلىشىش،
2. نامازدا بىرەر نەرسە يەپ ـ ئىچىش،
3. نامازدا ئۆزى ئاڭلىغۇدەك ئاۋازدا كۈلۈش،
4. نامازدا قىبلىدىن باشقا تەرەپكە بۇرۇلۇش،
5. قۇرئانى ـ كەرىم ئايەتلىرىنى مەنىسى ئۆزگىرىپ كەتكۈدەك دەرىجىدە خاتا تەلەپپۇزدا ئوقۇش،
6. نامازدا تاھارىتى سۇنۇپ كېتىش.

نامازنى بۇزمايدىغان بەزى ئىشلار بار بولۇپ، ئەمما بۇلار قارشى ئېلىنمايدىغان (يەنى، مەكرۇھ) ئىشلاردۇر. مەسىلەن: داۋاملىق ئۇڭ ـ سول تەرەپكە قاراش، ئەسنەش، كۆزىنى يۇمۇش، بىر يەرگە يۆلىنىپ تۇرۇپ ناماز ئوقۇش قاتارلىقلار.

«نامازنى ئۆتىگۈچىلەرگە، زاكات بەرگۈچىلەرگە، ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقۇچىلارغا (جەننەتتە مەڭگۈ قېلىشتىن ئىبارەت) كاتتا ئەجىر ئاتا قىلىنىدۇ.»
(نىسا سۈرىسى 162 ـ ئايەت)

### سەھۋە سەجدىسى

نامازدا بەزىدە خاتالىشىش ياكى ئۇنتۇش تۈپەيلى بىرەر سەۋەنلىك سادىر قىلىپ سالساق، بۇنى تۈزىتىش ئۈچۈن **سەھۋە** سەجدىسى قىلىمىز. مەسىلەن: نامازنىڭ قانچىنچى رەكئىتىدە ئىكەنلىكىمىزنى ئۇنتۇپ قالغىنىمىزدا تەخمىنىمىز بويىچە نامىزىمىزنى تاماملاپ، نامازنىڭ ئاخىرىدا سەھۋە سەجدىسى قىلىمىز.

نامازدىكى ئاخىرقى ئولتۇرۇشتا ئەتتەھىيياتۇ دۇئاسىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، ئوڭ تەرەپكە سالام قىلىمىز، ئاللاھۇ ئەكبەر دەپ ئىككى قېتىم سەجدە قىلىپ ئولتۇرىمىز. باشقا ئولتۇرۇشلاردا بولغىنىدەك، ئەتتەھىيياتۇ، ئاللاھۇممە سالىلى ئالا، ئاللاھۇممە بارىك ئالا، ئاللاھۇممە رەببەنا دۇئاسىنى ئوقۇپ ئوڭ ـ سول ئىككى تەرەپكە سالام قىلىمىز.



(ئى  مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «مېنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم، هاياتىم ۋە ماماتىم (دۇنيادا قىلغان ياخشىلىقلىرىم ۋە تائەت ـ ئىبادەتلىرىم) ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھ ئۈچۈندۇر.»

(ئەنئام سۈرىسى 162 ـ ئايەت)

## نامازغا چاقىرىش: ئەزان

**ئەزان** ناماز ۋاقىتلىرىنى مۇسۇلمانلارغا بىلدۈرۈش ئۈچۈن قىلىنىدىغان چاقىرىقتۇر.
ئەزان بىر جەمئىيەتنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنىڭ ئەڭ مۇھىم سىمۋوللىرىدىن بىرىدۇر.
تۈركىيەنىڭ مىللىي شائىرى مەھمەت ئاكىف ئەرسۇي «ئىستىقلال مارشى» (تۈركىيە دۆلەت شېئىرى)دا:

رۇھىمنىڭ سەندىن ئىلاھىم شۇدۇر پەقەت ئەمىلى،
تەگمىسۇن مەسجىدىمنىڭ كۆكسىگە نامەھرەمنىڭ قولى،
بۇ ئەزانلاركى شاھادەتلىرى دىنىنىڭ ئاساسى،
ئەبەدىي يۇرتۇمنىڭ ئۈستىدە ياڭرىغاي ساداسى.

دەپ يېزىش ئارقىلىق ئەزاننىڭ ئەھمىيىتىگە دىققەت تارتقان.
ئەزان چىقىۋاتقاندا باشقا ھېچقانداق ئىش بىلەن مەشغۇل بولماي، ئەزاننى دىققەت بىلەن ئاڭلاش ۋە ئەزان جۈملىلىرىنى تەكرارلاش بىلەن ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرۈشىمىز كېرەك.

## ئەزان سۆزلىرى

ئاللاھۇ ئەكبەر (ئاللاھ ئەڭ ئۇلۇغدۇر) 4 قېتىم
ئەشھەدۇ ئەنلا ئىلاھە ئىللەللاھ (گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر) 2 قېتىم
ئەشھەدۇ ئەننە مۇھەممەدەن رەسۇلۇللاھ (گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مۇھەممەد ئاللاھنىڭ ئەلچىسىدۇر) 2 قېتىم
ھەييە ئەلەسسالاھ (ناماز ئوقۇغىلى كېلىڭلار) 2 قېتىم
ھەييە ئەلەلفەلاھ (نىجاتلىققا كېلىڭلار) 2 قېتىم
ئاللاھۇ ئەكبەر (ئاللاھ ئەڭ ئۇلۇغدۇر) 2 قېتىم
لا ئىلاھە ئىللەللاھ (ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر) 1 قېتىم

بامدات نامىزىدا ھەييە ئەلەلفەلاھ دېگەندىن كېيىن: «ناماز ئۇيقۇدىن ياخشىدۇر» دېگەن مەنىدە 2 قېتىم «ئەسسالاتۇ خەيرۇن مىنەننەۋم» دېيىلىدۇ.

ئەزاننى ئاڭلىغان ۋاقتىمىزدا: «ئەززە ئاللاھ جەللە جەلالۇھۇ» دەيمىز.

ئەزان ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن مۇنداق دۇئا قىلىمىز: «ئاللاھۇم! بۇ گۈزەل چاقىرىقنىڭ، ئوقۇماقچى بولغان نامىزىمىزنىڭ رەببى ئاللاھۇم! مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە جەننەتتە ئەڭ يۈكسەك مەرتىۋە بەرگىن. ئۇنى ئۇنىڭغا ۋەدە قىلىنغان شاپائەت ماقامىغا يەتكۈزگىن. شۈبھىسىزكى، سەن ۋەدەڭگە خىلاپلىق قىلمايسەن» ئامىين!

## جامەلەر، مەسجىدلەر

**جامە** مۇسۇلمانلار يىغىلىپ ئىبادەت قىلىدىغان مۇقەددەس ئورۇننىڭ ئىسمىدۇر. جامەلەر ئادەتتە جەمئىيەتنىڭ مەركىزىدە، بازارنىڭ ئىچىدە ياكى مەھەللىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولىدۇ. مەدەنىيىتىمىزدە جامە بىلەن مەدرىس (مەكتەپ) بىر يەرگە بىنا قىلىنىدۇ. چوڭ جامەلەرنىڭ يېنىدا بىللە مەكتەپ سېلىشنى تۇنجى قېتىم ھەزرىتى ئۆمەر بۇيرىغان. تارىخ بويىچە جامەلەر پەقەتلا ناماز ئوقۇيدىغان يەر ئەمەس، بەلكى خەلقنىڭ مائارىپ ئېھتىياجىنى ھەل قىلىدىغان ئورۇن سۈپىتىدە قوللىنىلغان.

جامەلەر كىشىگە خاتىرجەملىك ۋە ھۇزۇر بېغىشلايدىغان نۇرلۇق ماكانلاردۇر.

**ئىماملار** جامەدە جامائەتكە باش بولۇپ ناماز ئوقۇتىدىغان، دىنىي بىلىم ئۆگىتىدىغان، تەبلىغ قىلىدىغان، دىنىي تەربىيە كۆرگەن بىلىملىك كىشىلەردۇر.

**مۇئەززىنلەر** ناماز ۋاقتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئەزان ئوقۇيدىغان، پەرز نامازلاردىن ئىلگىرى قامەت ئوقۇيدىغان كىشىلەردۇر.

«(ئى مۇھەممەد!) ساڭا ۋەھيى قىلىنغان كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) تىلاۋەت قىلغىن، نامازنى (تەئدىل ئەركان بىلەن) ئوقۇغىن، ناماز ھەقىقەتەن قەبىھ ئىشلاردىن ۋە گۇناھلاردىن توسىدۇ، ئاللاھنى ياد ئېتىش ھەممىدىن (يەنى ئۇنىڭدىن باشقا ھەممە ئىبادەتتىن) ئۇلۇغدۇر، ئاللاھ قىلىۋاتقان (ھەممە) ئىشىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ.»

(ئەنكەبۇت سۈرىسى 45 ـ ئايەت)



جامەلەر، مەسجىدلەر ئىنسانغا خاتىرجەملىك ۋە ھۇزۇر بېغىشلايدىغان نۇرلۇق ماكانلاردۇر.



قامەت ئوقۇلغاندا ئەزاننىڭ سۆزلىرى شۇ پېتى ئوقۇلىدۇ. پەقەتلا **ھەييە ئەلەلفەلاھ**تىن كېيىن «ناماز باشلاندى» دېگەن مەنىدە **قەد ـ قامەتىسسالاھ** دېيىلىدۇ. ئەرلەر بەش ۋاخ نامازنىڭ پەرزىنى ئوقۇشتىن ئىلگىرى قامەت ئوقۇيدۇ.

رامىزان ئېيىدىكى تەراۋىھ نامىزىدىن ئىلگىرى ۋە جۈمە نامىزىدىن ئىلگىرى دىنىمىز ئىسلامنى تەبلىغ قىلىدىغان كىشىلەر **ۋائىز** (خاتىب) دەپ ئاتىلىدۇ. ۋائىزلار ناماز ئوقۇغىلى جامەگە كەلگەنلەرگە چىرايلىق پەند ـ نەسىھەت ۋە مۇھىم ئۇچۇرلارنى يەتكۈزۈش ئارقىلىق دىنىي جەھەتتىن ئاممىغا بىلىم بېرىدۇ.

جامەنىڭ يېرىم يۇملاق شەكىلدىكى تاۋىنى **قۇببە** دەپ ئاتىلىدۇ.

**مۇنار:** مۇئەززىنلەر ئەزان ئوقۇيدىغان يەر بولۇپ، ئەزاننىڭ تېخىمۇ يىراق يەرلەرگىچە ئاڭلىنىشى ئۈچۈن مەخسۇس بىنا قىلىنغان ئىگىز، ئىنچىكە قۇرۇلۇشتۇر. ئادەتتىكى جامەلەردە بىر مۇنار بولسا، چوڭ چوڭ جامەلەردە بىر قانچە مۇنار بولىدۇ. مۇنارلار بۇ رايوندا مۇسۇلمانلارنىڭ ياشايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. تۈركلەر ئىستانبۇلنى فەتھى قىلغاندىن كېيىن، مۇسۇلمانلار رايوندا ھەيۋەتلىك، گۈزەل، كۆركەم جامەلەرنى سالغان. جامەلەر يەنە مۇسۇلمانلارنىڭ بىناكارلىق سەنئىتى سەۋىيىسىنى ئىپادىلەش جەھەتتىمۇ تەڭداشسىز قۇرۇلۇشتۇر.

نۇرغۇن جامەلەرنىڭ ھويلىسىدا تاھارەت ئېلىش ئۈچۈن مۇۋاپىق يەرگە ئورنىتىلغان سۇ ئاقىدىغان جۆمەكلەر بار. بۇلار تۈركچە **شادىرۋان** دەپ ئاتىلىدۇ. شادىرۋانلار جامەلەرنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشىدۇ.

جامەدە ئىماملىرىمىز نامازغا ئىماملىق قىلغاندا تۇرىدىغان، قىبلە تەرەپنى كۆرسىتىدىغان يەر **مېھراب** دەپ ئاتىلىدۇ. مېھراپ تامدىكى يۇملاق ئويما شەكىللىك يەر بولۇپ، ئادەتتە رەڭگارەڭ چىنە خىشلار بىلەن بېزەلگەن.

«شۈبھىسىزكى، ناماز مۆمىنلەرگە ۋاقتى بەلگىلەنگەن پەرز قىلىندى.»
(نىسا سۈرىسى 103 ـ ئايەت)

**مۇنبەر**: ئادەتتە مېھرابنىڭ ئوڭ تەرىپىدە بولىدۇ. بىر ئاز ئېگىز بولۇپ، بىر قانچە پەشتىقى بار. جۈمە ۋە ھېيت نامىزىدا ئىماملار مۇنبەرگە چىقىپ خۇتبە ئوقۇيدۇ. ۋائىزلار (خاتىبلار) تەبلىغ قىلىدىغان يەرلەر **كۇرسى** دەپ ئاتىلىدۇ. جامائەتنىڭ بىمالال كۆرەلىشى ئۈچۈن بىر ئاز ئېگىز ياسالغان.

جامەلەر مۇسۇلمانلارنىڭ كوللېكتىپ ھەمكارلىقى ئەڭ ياخشى جارى قىلدۇرۇلىدىغان يەرلەردىن بىرىدۇر. جامەلەرنى كۆپچىلىك بىرلىكتە كۈچ چىقىرىپ سالىمىز. ھەممە كىشى قولىدىن كېلىشىچە خالىس ياردەم قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن مەھەللىمىز ئەزان ئاۋازىدىن ئەسلا مەھرۇم قالمايدۇ. يەنە مەسجىدلىرىمىز بار. كىچىك جامەلەرنى مەسجىد دەپ ئاتايمىز. تۈركىيەدە ھەر بىر بىنانىڭ ئاستىدىكى بىرەر قەۋەت ۋە ئىدارە ـ ئورگان، ئىشخانىلاردىكى مەلۇم بىر ئۆي مەخسۇس مەسجىد قىلىنغان.

## بەش ۋاخ ناماز

ناماز كۈندىلىك ئىبادىتىمىزدۇر. كۈندە بەش ۋاخ ناماز ئوقۇيمىز.

ناماز بىزگە ياراتقۇچىمىز ئاللاھنى داۋاملىق ئەسلىتىدۇ، مەنىۋىيىتىمىزنى كۈچلەندۈرىدۇ، بىزنى ناچار ئىشلاردىن يىراقلاشتۇرىدۇ.

نامازدىن ئىلگىرى ئالغان تاھارەت بەدەن ئەزالىرىمىزنى پاكىزلاش بىلەن بىرگە قەلبىمىزنى يامانلىقتىن پاكىزلايدۇ. ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا كۈندە بەش ۋاخ ناماز ئوقۇپ دۇئا قىلغان كىشى قەبىھ، ناچار ئىش ـ ھەرىكەتلەردىن يىراق تۇرىدۇ.

تاھارەتنى قانداق ئېلىشىمىز، نامازنى قانداق ئوقۇشىمىز كېرەكلىكىنى پەيغەمبىرىمىز بىزگە ئۆگەتكەن.

بەش ۋاخ ناماز پەيغەمبىرىمىز مىراجغا چىققان كېچە پەرز قىلىنغان.

ھەر كۈنى ئوقۇشقا تېگىشلىك بەش ۋاخ ناماز: **بامدات، پېشىن، ئەسىر، ناماز شام** ۋە **خۇپتەن** نامىزىدۇر. بۇ

نامازلارنى ۋاقتىدا ئوقۇيمىز. بامدات نامىزىنى ناماز شام ۋاقتىدا ئوقۇغىلى بولمايدۇ. نامازنى ۋاقتىدا ئوقۇيالمىغان بولساق، قازاسىنى ئوقۇساق بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا قازا نامازنىڭ پەقەتلا پەرزىنى ئوقۇيمىز.

«ئى مۆمىنلەر! جۈمە كۈنى جۈمە نامىزىغا ئەزان ئېيتىلسا، ئاللاھنى ياد ئېتىشكە (يەنى جۈمە خۇتبىسىنى ئاڭلاشقا ۋە جۈمە نامىزىنى ئادا قىلىشقا) ئالدىراپ بېرىڭلار، ئېلىم ـ سېتىمنى قويۇپ تۇرۇڭلار، ئەگەر بىلسەڭلار بۇ سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر.»
(جۈمۈئە سۈرىسى 9 ـ ئايەت)

## نامازلار قانچە رەكئەت؟

| نامازلار | دەسلەپكى سۈننەت | پەرز | ئاخىرىدىكى سۈننەت | جەمئى |
|---|---|---|---|---|
| بامدات | 2 | 2 | | 4 |
| پېشىن | 4 | 4 | 2 | 10 |
| ئەسىر | 4 | 4 | | 8 |
| نامازشام | | 3 | 2 | 5 |
| خۇپتەن | 4 | 4 | 2 | 10 |
| ۋىترى ۋاجىب | | | 3 (ۋاجىب) | 3 |

## بىللە ناماز ئوقۇۋاتىمىز: جامائەت نامىزى

ئىنسانلار ئەتىگەن سەھەردىن باشلاپ مەكتەپكە، ئىشقا مېڭىشقا باشلايدۇ. بۇ خىل ئالدىراشلىق كۈن بويى داۋاملىشىدۇ. ئىنسانلار جامەدە بىر يەرگە جەم بولىدۇ. بۇ جەھەتتە جامەنىڭ ئىنسانلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، بىرلەشتۈرۈش رولى بار. جامەدە جامائەت بىلەن بىللە ئوقۇلغان ناماز قېرىنداشلىق، ئىتتىپاقلىق، باراۋەرلىك تۇيغۇسىنى كۈچەيتىدۇ.

جامەدە ئىنسانلار ئوخشاش بىر يۆنىلىشكە (قىبلىگە) قاراپ، بىر يۈرەك، بىر ۋۇجۇد بولۇپ ناماز ئوقۇغاندا ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئىجتىمائىي پەرقلەر يوقىلىدۇ. جامەدە ھەممە كىشى ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا باراۋەر بولىدۇ. باي بىلەن نامرات، چوڭ بىلەن كىچىك ئوخشاش بىر سەپتە قاتار تىزىلىپ ناماز ئوقۇيدۇ.

پەيغەمبىرىمىز جامائەت بىلەن بىرلىكتە ناماز ئوقۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. جامائەت بولۇپ ئوقۇلغان نامازنىڭ كىشى ئۆزى يالغۇز ئوقۇغان نامازغا قارىغاندا ساۋابىنىڭ نەچچە ھەسسە كۆپ بولىدىغانلىقىنى ئېيتقان.

جامائەت بىلەن بىللە ناماز ئوقۇغاندا ئىمامغا ئىقتىدا قىلىمىز. ناماز ئوقۇشقا نىيەتلەنگەندە ئىمامغا ئىقتىدا قىلىدىغانلىقىمىزنى ئېيتىمىز، تەكبىردىن كېيىن سۇبھانەكە دۇئاسىنى ئوقۇپ بولۇپ جىمجىت ساقلايمىز، ئىمام ئوقۇشقا باشلايدۇ، بىز ئەگىشىمىز.

جامەلىرىمىز ھەممەيلەن بىرلىكتە ناماز ئوقۇيدىغان كوللىكتىپ يەر بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ يەردە رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك بەزى قائىدىلەر بار. جامەگە كەلگەندە پاكىزە، رەتلىك كىيىنىشىمىز لازىم. جامەگە ناماز ئوقۇغىلى كەلگەن باشقا كىشىلەرنى بىئارام قىلماسلىق ئۈچۈن، ئاغزىمىزنى پۇرىتىدىغان خام پىياز، سامساق قاتارلىق نەرسىلەرنى ئۇ كۈنى يېمەسلىكىمىز كېرەك. بولۇپمۇ ناماز ئوقۇۋاتقانلارغا قەتئىي دەخلى قىلماسلىقىمىز، ئۇلارنى بىئارام قىلىدىغان ئىش-ھەرىكەتتىن ئۇزاق تۇرۇشىمىز، ۋاراڭ-چۇرۇڭ چىقارماسلىقىمىز كېرەك.

«نامازنى ئادا قىلىڭلار، زاكاتنى بېرىڭلار، ئۆزەڭلار ئۈچۈن ئىشلىگەن ھەر قانداق ياخشى ئەمەل بولسا، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئۇنىڭ ساۋابىنى تاپىسىلەر، ئاللاھ ھەقىقەتەن قىلغان ئەمەلىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.»
(بەقەرە سۈرىسى 110-ئايەت)

## نامازلىرىمىز

كۈندە بەش ۋاخ ئوقۇغان نامىزىمىز بىزنى تەرتىپلىك، رەتلىك، پىلانلىق ياشاشقا ئادەتلەندۈرىدۇ. ناماز بىزگە ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا ئىكەنلىكىمىزنى خاتىرلىتىدۇ. ھەر زامان ئاللاھنىڭ بىز بىلەن بىللە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ تۇرۇش بىزنى ناچار ئىشلاردىن ئۇزاقلاشتۇرىدۇ.

**جۈمە نامىزى** ھەر جۈمە كۈنى پېشىن نامىزى ۋاقتىدا جامەدە جامائەت بىلەن بىللە ئوقۇلغان نامازدۇر. جۈمە نامىزى ئىنسانلارنىڭ ھەپتىلىك ئىبادىتىدۇر. ئۇ كۈنى جامەلەر قايناق-تاشقىنلىققا چۆمىدۇ. چۈنكى جۈمە نامىزىنى ئۆيدە ئوقۇغىلى بولمايدۇ، چوقۇم جامەدە جامائەت بىلەن بىللە ئوقۇش كېرەك. بۇرۇنقى زامانلاردا شەھەرلەردە جۈمە نامىزى شۇ يەرنىڭ ئەڭ چوڭ جامەسىدە ئوقۇلاتتى. بەزى تارىخىي جامەلەرنىڭ ئۇلۇ (بۈيۈك) جامە دەپ ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبى

مانا مۇشۇ. جۈمە نامىزى دەسلەپتە 4 رەكئەت سۈننەت، ئاندىن 2 رەكئەت پەرز، ئاخىرىدا 4 رەكئەت سۈننەتتۇر. ئالدى بىلەن پېشىن نامىزىنىڭ دەسلەپكى سۈننىتىنى ئوقۇغىنىمىزدەك 4 رەكئەت سۈننەتنى ئوقۇيمىز. جامە ئىچىدە ئەزان ئېيتىلىدۇ، ئىمام مۇنبەرگە چىقىپ خۇتبە ئوقۇيدۇ. خۇتبىدىن كېيىن قامەت ئوقۇلۇپ، جۈمە نامىزىنىڭ 2 رەكئەت پەرزى جامائەت بىلەن بىرلىكتە ئوقۇلىدۇ. پەرزدىن كېيىن دەسلەپكى سۈننەتنى ئوقۇغىنىمىزغا ئوخشاش يەنە 4 رەكئەت ئاخىرقى سۈننىتى ئوقۇيمىز. جۈمە نامىزى ئەرلەر چوقۇم ئوقۇشقا تېگىشلىك بولغان نامازدۇر. لېكىن ئاياللارمۇ جامەگە كېلىپ جۈمە نامىزى ئوقۇسا بولىدۇ. جامەگە كېلەلمىگەنلەر بۇنىڭ ئورنىغا تۇرىۋاتقان يېرىدە پېشىن نامىزى ئوقۇيدۇ. سەپەردىكىلەر ۋە بىمارلارنىڭ جۈمە نامىزىنى ئوقۇشى شەرت ئەمەس. بۇ، دىنىمىز ئىنسانلارغا يارىتىپ بەرگەن قولايلىقتۇر.

روزا ھېيت ۋە قۇربان ھېيت مۇناسىۋىتى بىلەن يىلدا ئىككى قېتىم **ھېيت نامىزى** ئوقۇيمىز. ھېيت نامىزى 2 رەكئەت، ئەمما باشقا نامازلاردىن بىر ئاز پەرقلىق. جۈمە نامىزىدا ئىمام نامازنى باشلاشتىن ئىلگىرى خۇتبە ئوقۇيدۇ. ھېيت نامىزىدا بولسا، ئاۋۋال نامازنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، خۇتبە ئوقۇيدۇ. ھېيت نامىزى كۈن چىققاندىن كېيىن ئوقۇلىدۇ.

ھېيت نامىزىدا ئادەتتىكى باشقا نامازلاردىن پەرقلىق ھالدا ھەر رەكئەتتە قولىمىزنى قولىقىمىزغىچە كۆتىرىپ 3 قېتىم ئاللاھۇ ئەكبەر دەپ تەكبىر ئېيتىمىز. بىرىنچى رەكئەتتە سۈرە ئوقۇشنى باشلاشتىن ئىلگىرى تەكبىر ئېيتىلىدۇ. ئىككىنچى رەكئەتتە بولسا، سۈرە ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن تەكبىر ئېيتىلىدۇ. بۇ ناماز يىلدا ئىككى قېتىم ئوقۇلغانلىقى ئۈچۈن، ئىماملار ھېيت نامىزىنى ئوقۇشتىن ئىلگىرى جامائەتكە بۇ نامازنىڭ قانداق ئوقۇلىدىغانلىقىنى بىر قۇر چۈشەندۈرىدۇ.

مۇسۇلمانلارنىڭ بەزى چاغلاردا بىر يەرگە جەم بولۇپ، كۆپچىلىك بىلەن بىرلىكتە ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشى ئۇلارنىڭ

**«مۆمىن ئەرلەر، مۆمىن ئاياللار بىر ـ بىرى بىلەن دوستتۇر، ئۇلار (كىشىلەرنى) ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ، نامازنى (تولۇق) ئادا قىلىدۇ، زاكاتنى بېرىدۇ، ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىدۇ، ئەنە شۇلارغا ئاللاھ رەھىم قىلىدۇ، ئاللاھ ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.»**

(تەۋبە سۈرىسى 71 ـ ئايەت)



ئىتتىپاقلىقى، ھەمكارلىقىنى كۆچەيتىدۇ. بۇ جەھەتتىن ھېيت نامىزى بىلەن جۈمە نامىزى ئىنتايىن مۇھىمدۇر.

رامىزان ئېيىدا چوڭ-كىچىك، قېرى-ياش ھەممەيلەن ئاخشىمى جامەگە يىغىلىپ بىر ئاي ئوقۇغان ناماز **تەراۋىھ نامىزى** دەپ ئاتىلىدۇ. تەراۋىھ نامىزى خۇپتەن نامىزىدىن كېيىن، ۋىترى نامىزىدىن ئىلگىرى ئوقۇلىدۇ. ئىككى رەكئەت ياكى تۆت رەكئەتتىن كېيىن بىر قېتىم سالام بېرىش شەكلىدە ئوقۇلىدۇ. تەراۋىھ نامىزىنى جامەدە ئوقۇيالمىساق، ئۆيدە ئۆزىمىز يالغۇز ئوقۇساقمۇ بولىدۇ.

بىر مۇسۇلمان ۋاپات بولسا، ئۇنىڭغا دۇئا قىلىش ئۈچۈن **مېيىت نامىزى** ئوقۇلىدۇ. مېيىت نامىزى ھەممە كىشى چوقۇم ئوقۇشى كېرەك بولغان ناماز ئەمەس. بۇ پەرزى كۇپايىدۇر، يەنى بەزى مۇسۇلمانلارنىڭ مېيىت نامىزى ئوقۇشى بىلەن باشقا مۇسۇلمانلارمۇ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلغان ھېسابلىنىدۇ. مېيىت نامىزى ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇلىدۇ. مېيىت نامىزىغا ئاياللارمۇ قاتناشسا بولىدۇ.

يۇقىرىدىكىلەردىن باشقا يەنە چوقۇم ئوقۇشىمىز شەرت بولمىغان، لېكىن خالىساق ئوقۇساق بولىدىغان نامازلارمۇ بار. بۇلار **نەپلە نامازلار** دەپ ئاتىلىدۇ. ئىنتايىن ئارزۇ قىلغان بىر ئىشىمىز ئەمەلگە ئاشقاندا رەببىمىزگە تەشەككۇر ئېيتىش ئۈچۈن تاھارەت ئېلىپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيمىز. بۇ، **شۈكۈر نامىزى** دەپ ئاتىلىدۇ. تۈنەك كېچىلىرىدە كۆپ نەپلە ناماز ئوقۇلىدۇ.

پەيغەمبىرىمىز داۋاملىق ئوقۇغان بىر كېچە نامىزى بار. كېچە نامىزى، يەنى **تەھەججۇد** تەڭ كېچىدە ئويغىنىپ قوپۇپ ئوقۇيدىغان نامازنىڭ ئىسمىدۇر.

## ئوقۇيلى

# يېقىملىق ئاۋازى بار مۇئەززىن: بىلال

مەدىنىدە بىر ئىش بولىۋاتاتتى.
ئىنسانلار توپ-توپ بولۇپ مەسجىدكە قاراپ كېتىشىۋاتاتتى.
ھەئە، ناماز ۋاقتى ئىدى، ئەزان چىقىۋاتاتتى. ئەمما ئادەتتىكىگە ئوخشىمايدىغان بىر ھاياجان بار ئىدى ئىنسانلاردا. بىر-بىرى بىلەن بەسلەشكەندەك تېز-تېز كېتىشىۋاتاتتى مەسجىدكە قاراپ. ئۆزئارا پىچىرلىشىپ نېمىلەرنىدۇ سورىشاتتى بىر-بىرىدىن.
بىرەيلەن:
- بۈگۈن نامازغا رەسۇلۇللاھ ئىمام بولارمۇ؟ - دېدى.
يەنە بىرەيلەن:
- نېمە دەۋاتىسەن ھوي؟ رەسۇلۇللاھ ۋاپات بولغىلى نەۋاق.
- ئەمما بۇ ئەزان......؟
- ئاڭلىمايۋاتامسەن، بۇ ئەزاننى بىلال ئوقۇۋاتىدۇ بىلال. رەسۇلۇللاھنىڭ ئاۋازى گۈزەل مۇئەززىنى بىلال. - دېدى.
ئەزان ئاۋازى ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ يىغلىغاچ چىقىۋاتاتتى. ئىنسانلارنىڭ سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزگە بولغان كۈچلۈك سېغىنىش ھېسسىياتى ئۇلارنىڭ قەلبىدە ھەسرەت-پىغان، كۆزلىرىدە تارام-تارام ياش بولغان ئىدى. مەسجىدتىكى پۈتكۈل جامائەت يىغلاپ تۇرۇپ تىڭشىدى بۇ ئەزاننى.
سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ۋاپات بولغاندىن كېيىن بىلال ئەزاننى ئاخىرىغىچە تولۇق ئوقۇيالماس بولۇپ قالغان ئىدى. «ئەشھەدۇ ئەننە مۇھەممەدەن رەسۇلۇللاھ» دېيىشى بىلەنلا ئۆزىنى تۇتالماي يىغلاشقا باشلاپ، ئەزاننىڭ ئاخىرىنى ئوقۇشقا ئاۋازى چىقمايتتى.
بىلال مەدىنىدىن يىراققا كەتكەن ئىدى. چۈنكى مەدىنىنىڭ ھەممە يېرى رەسۇلۇللاھنىڭ





ئىزلىرى بىلەن تولغان ئىدى. ماڭغان يوللار، كوچىلار، كىرگەن ئۆيلەر ھەممىشە ئۇنى ئەسلىتەتتى. ھىجران ئازابى، سېغىنىش دەردى بىلالنى چېدىغۇسىز دەرىجىدە قىينايتتى.

شۇڭا بىلال پەيغەمبىرىمىز ۋاپات بولغاندىن كېيىن مەدىنىدە قېلىشقا تاقەت قىلالمىدى. ھەزرىتى ئەبۇبەكرىدىن رۇخسەت ئېلىپ، شام دىيارىغا يېقىن بىر يەرگە كۆچۈپ كەتتى.

ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ خەلىپىلىك ۋاقتىدا قۇددۇسنى فەتھى قىلىش ئورۇشىغا قاتناشتى، ئەمما مەدىنىگە قايتمىدى.

بىر كۈنى چۈشىدە ئۇ گۈزەل پەيغەمبىرىمىزنى كۆردى. «مېنى يوقلاپ كەلمەمسەن بىلال؟» دېدى پەيغەمبىرىمىز. بۇ دەۋەتكە ئىجابەت قىلماي تۇرالايتتىمۇ بىلال؟ رەسۇلۇللاھ ماڭغان يوللاردا مېڭىشنى، ئۇ نەزەر سالغان تاغلارغا قاراشنى، مەسجىدىدە ناماز ئوقۇشنى قانچىلىك سېغىنغانلىقىنى تەسۋىرلەپ بولغىلى بولمايتتى. كەلسە، يۈرىكى چىدىيالارمۇ؟ بىلمەيتتى بىلال.

دەۋەتنى قوبۇل قىلىپ دەرھال مەدىنىگە كەلدى پەيغەمبەرنىڭ مۇئەززىنى.

دوستلىرى ئىنتايىن سېغىنغان ئىدى ئۇنى.

ئۇمۇ دوستلىرىنى......

بۇ گۈزەل ئىنسانلار ئۆزئارا ھال-ئەھۋال سورىشىپ، قىزغىن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى.

ئۆتمۈشتىكى سەرگۈزەشتىلىرىنى ئەسلىدى بىلال. مەككىدىكى چاغلار، قىيىنچىلىق مەزگىلى كۆز ئالدىغا كەلدى.

بىر زامانلار ئۇ ئۇمەييە ئىسىملىك بىر مۇتىھەم كاپىرنىڭ قۇلى ئىدى. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ ئىسلامنى تەبلىغ قىلىشى بىلەن مەخپىي ھالدا مۇسۇلمان بولغان ئىدى. بىلالنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى بىلىپ قالغان ئۇمەييە ئۇنى دىنىدىن ياندۇرۇش ئۈچۈن شىددەتلىك قىيىن-قىستاقلار بىلەن ئېغىر قىيىنغان، ھەر خىل چارىلەرنى قىلىپ باققان ئىدى.

تىللاپ باقتى، بولمىدى. ئۇردى، يەنە بولمىدى.

ئاخىرى بىلالنى يالىڭاچلاپ، چۆلدىكى ئوتتەك قىززىق پىژغىرىم قۇمنىڭ ئۈستىدە ياتقۇزۇپ، ئۈستىگە ئېغىر بىر تاشنى قويدى. بۇ ئازاب چىدىغۇسىز دەرىجىدە ئىدى.

ئۇمەييە بىلالنىڭ بېشىدا تۇرۇپ، دىنىدىن قايتىشىنى تەلەپ قىلاتتى. لېكىن بىلالنىڭ ئاغزىدىن پەقەت بىر جۈملە سۆزلا چىقاتتى:

ـ لا ئىلاھە ئىللەللاھ ... بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر ئىبادەتكە لايىق!!

قىيىن ـ قىستاقلار بىر قانچە كۈن داۋاملاشتى.

بۇمۇ يەتمەي، بىلالنىڭ بويىنىنى ئارغامچا بىلەن باغلاپ، مەككە كوچىلىرىدا بىر نەچچە كۈن سۆرەپ سازايى قىلدى.


ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى بىلالنى بۇ رەھىمسىز كاپىرنىڭ قولىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن كۆپ تىرىشىپ، ئاخىرىدا ئۇنى ئازات قىلغۇزىۋەتتى.

پەيغەمبىرىمىز بىلالنىڭ قىيىن ـ قىستاقتىن قۇتۇلغانلىقىغا ھەمدە ھۆرلۈككە ئېرىشكەنلىكىگە بەك خۇشال بولدى.

ئىسلام دىنىدا ئاق تەنلىك، قارا تەنلىك، قۇل، خوجايىن دەيدىغان ئايرىمچىلىق يوق ئىدى. ئۇ كۈندىن ئېتىبارەن بىلال مۇسۇلمانلارنىڭ يېنىدىن پەقەتلا ئايرىلمىدى. مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندىن كېيىن بىنا قىلىنغان تۇنجى مەسجىدنى سېلىش قۇرۇلۇشىدا ئىشلىدى. مۆمىنلەر مەدىنىدە تىنچ، خاتىرجەم ھالدا ئىبادەتلىرىنى ئادا قىلالايتتى.

ۋاقىت ئۆتكەنسىرى ئىنسانلارنى نامازغا چاقىرىش ئۈچۈن بىر ئىشارەتكە ئېھتىياج پەيدا بولدى. چۈنكى نامازغا ئۈلگۈرۈپ كېلەلمىگەنلەر جامائەت بىلەن بىرلىكتە ناماز ئوقۇيالمىغانلىقى ئۈچۈن كۆڭلى يېرىم بولاتتى. بۇرۇن كەلگەنلەر بولسا، جامائەتنى ساقلاشقا مەجبۇر بولۇپ، باشقا ئىشلىرىغا ۋاقىت يېتىشتۈرەلمەيتتى.

ناماز ۋاقتىنى ئېلان قىلىش ئۈچۈن خىلمۇ ـ خىل پىكىرلەر ئوتتۇرىغا چۈشتى.



ـ قوڭغىراق چالايلى. ـ دېدى بەزىلەر. ئەمما قوڭغىراق چېلىش خرىستىئانلارنىڭ ئادىتى بولغاچقا بۇ پىكىر قوبۇل قىلىنمىدى.

ئوت يېقىپ خەۋەر قىلىش پىكرىمۇ ئاتەشپەرەسلەرنىڭ ئادىتى بولغاچقا قوبۇل قىلىنمىدى.

ئېگىز بىر يەرگە بايراق قاداش پىكرى ئوتتۇرىغا چۈشتى، بۇمۇ مۇۋاپىق كۆرۈلمىدى.

ئاخىرىدا «كاناي چېلىپ چاقىرايلى» دېيىشتى، بۇ پىكرىمۇ قوبۇل قىلىنمىدى.

ھەزرىتى ئۆمەر بىلەن زەيد بىن ئابدۇللاھ ئوخشاش بىر كۈندە كۆرگەن چۈشىنىكى ئەزان سۆزلىرى مۇسۇلمانلارغا ئۆگىتىلدى. پەيغەمبىرىمىز بۇ چۈشكە ئاساسەن مۆمىنلەرنى نامازغا ئەزان بىلەن چاقىرىشنى قارارلاشتۇردى. بىلالنىڭ ئاۋازى گۈزەل، يېقىملىق بولغاچقا، ئەزان سۆزلىرى دەرھال بىلالغا ئۆگىتىلدى. تۇنجى ئەزاننى بىلال ئوقۇدى. مەدىنىدە مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ ياڭراق، تەسىرلىك ئاۋازىنى ئاڭلاپ نامازغا كېلىشكە باشلىدى.

رەسۇلۇللاھ ھايات ۋاقتىدا بىلال ئۇنىڭ مۇئەززىنى ئىدى.

ئۇنىڭ ئاۋازى ئۇ قەدەر مۇڭلۇق ۋە يېقىملىق ئىكەنكى، ئەزان تۈگەپ بولغۇچە، ھەممەيلەن تاڭ قېتىپ تۇرۇپ ئاڭلايتتى. ھەممەيلەن گويا سېھىرلەنگەندەك، بۇ مۇڭلۇق ئاۋازغا قولاق سېلىشقا كۆنۈپ كەتكەن ئىدى.

***

مانا ئەمدى شۇ يېقىملىق تونۇش ئاۋازنىڭ ئىگىسى بىلال مەدىنىدە ئىدى.

يېقىن دوستلىرى ئۇنىڭدىن شۇ بىرلا نەرسىنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالدى:

ـ ئۆتۈنۈپ قالايلى، بىر قېتىم ئەزان ئوقۇپ بەرگىن بىزگە!

ـ ياق، ئوقۇمايمەن! ـ دەيتتى بىلال، چۈنكى ئوقۇيالمايمەن-دە!



پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۆيۈملۈك نەۋرىلىرى ھەسەن بىلەن ھۈسەيىن:

ـ بىلال، خوش بولۇپ قالايلى، بىر قېتىم ئەزان ئوقۇپ بەرسىڭىز!

ـ دەپ ئۆتۈندى. بىلال بۇ تەلەپنى رەت قىلالماي، ئەڭ ئاخىرقى قېتىم شۇ مۇڭلۇق گۈزەل ئاۋازى بىلەن ئەزان ئوقۇدى:

ئاللاھۇ ئەكبەر ئاللاھۇ ئەكبەر...

ئەشھەدۇ ئەنلا ئىلاھە ئىللەللاھ...

بىلالنىڭ بۇ ئاخىرقى ئەزىنى ئۇ قەدەر مۇڭلۇق ۋە تەسىرلىك چىقتىكى، بۇ ئاۋازنى ئاڭلىغانلار نامازغا گويا سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ئىمام بولىدىغاندەك ھېس قىلىشىپ، ھاياجان ئىچىدە مەسجىدكە قاراپ يۈگرەشتى. بىلالنىڭ ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلىشى بىلەن ئاخىرلاشقان بۇ ئەزان مەدىنىنى يىغلاتتى. بۇ ئەزان بىلالنىڭ ئاخىرقى قېتىم ئوقۇغان ئەزىنى بولۇپ قالدى.

مەدىنىنىڭ كۆز قارچۇغى، ئالەملەرنىڭ پەخرى بولغان پەيغەمبەرگە ئوقۇغان ئاخىرقى ئەزىنى.

ھەزرىتى بىلال مەدىنىنى زىيارەت قىلىپ بولغاندىن كېيىن شامغا قايتتى.

ئۇزۇن ئۆتمەي ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا كەتتى.





قۇرئاندىن ئۆگەنگەن دۇئالارنى ئوقۇش بىلەن بىرگە ئانا تىلىمىز ئۇيغۇر تىلىدا دۇئا قىلساقمۇ بولىدۇ. تىلىمىزنىڭ كېلىشىچە، كۆڭلىمىزنىڭ خالىشىچە دۇئا قىلىمىز. شۈبھىسىزكى، رەببىمىز دۇئالىرىمىزنى ئاڭلاپ تۇرىدۇ. چۈنكى، ئۇ بىزگە ئۆزىمىزدىنمۇ بەك يېقىندۇر.

## تۆتىنچى باب

# سۈرىلەر ۋە دۇئالار

دۇنيادىكى بارلىق مۇسۇلمانلار ئورتاق ئىبادەت تىلى بىلەن، يەنى قۇرئانى-كەرىمنىڭ تىلى بىلەن ئىبادەت قىلىدۇ. ناماز ئوقۇغاندا قۇرئانى-كەرىمدىكى سۈرىلەرنى ئوقۇيمىز. نامازدىن كېيىن دۇئا قىلغاندا قۇرئاندىن ئۆگەنگەن دۇئالار بىلەن بىللە ئانا تىلىمىز ئۇيغۇر تىلىدا دۇئا قىلىمىز. تىلىمىز كېلىشىچە، كۆڭلىمىز خالىشىچە دۇئا قىلىمىز. شۈبھىسىزكى، رەببىمىز دۇئالىرىمىزنى ئاڭلاپ تۇرىدۇ. چۈنكى، ئۇ بىزگە ئۆزىمىزدىنمۇ بەك يېقىندۇر.

## نامازدا ئوقۇلىدىغان سۈرىلەر ۋە مەنىسى

### فاتىھە سۈرىسى

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ ①

اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ ② اَلرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ ③ مَالِكِ يَوْمِ الدِّينِ ④
اِيَّاكَ نَعْبُدُ وَاِيَّاكَ نَسْتَعِينُ ⑤ اِهْدِنَا الصِّرَاطَ الْمُسْتَقِيمَ ⑥ صِرَاطَ
الَّذِينَ اَنْعَمْتَ عَلَيْهِمْ غَيْرِ الْمَغْضُوبِ عَلَيْهِمْ وَلاَ الضَّالِّينَ ⑦

جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھقا خاستۇر. ئاللاھ ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىباندۇر. قىيامەت كۈنىنىڭ ئىگىسىدۇر. (رەببىمىز) ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز. بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن. غەزىپىڭگە يولۇققانلارنىڭ ۋە ئازغانلارنىڭ يولىغا ئەمەس، سەن ئىنئام قىلغانلارنىڭ يولىغا (باشلىغىن).

## فىل سۈرىسى

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

اَلَمْ تَرَ كَيْفَ فَعَلَ رَبُّكَ بِاَصْحَابِ الْفِيلِؕ ١ اَلَمْ يَجْعَلْ كَيْدَهُمْ فِي
تَضْلِيلٍۙ ٢ وَاَرْسَلَ عَلَيْهِمْ طَيْرًا اَبَابِيلَۙ ٣ تَرْمِيهِمْ بِحِجَارَةٍ مِنْ
سِجّيلٍۙ ٤ فَجَعَلَهُمْ كَعَصْفٍ مَأْكُولٍ ٥

رەببىڭنىڭ فىل ئىگىلىرىنى قانداق قىلغانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئۇ ئۇلارنىڭ ھىلە-مىكرىنى بەربات قىلمىدىمۇ؟ ئۇ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە توپ-توپ قۇشلارنى ئەۋەتتى. قۇشلار ئۇلارغا ساپال تاشلارنى ئېتىپ، ئۇلارنى چاينىۋېتىلگەن سامانلەك قىلىۋەتتى.

## قۇرەيش سۈرىسى

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

لِإِيلَافِ قُرَيْشٍۙ ١ اِيلَافِهِمْ رِحْلَةَ الشِّتَاءِ وَالصَّيْفِۚ ٢ فَلْيَعْبُدُوا
رَبَّ هٰذَا الْبَيْتِۙ ٣ اَلَّذٖى اَطْعَمَهُمْ مِنْ جُوعٍ وَاٰمَنَهُمْ مِنْ خَوْفٍ ٤

قۇرەيش قوغدالغانلىقلىرى ئۈچۈن، ئۇلار قىشلىق ۋە يازلىق سەپىرىدە قوغدالغانلىقلىرى ئۈچۈن، بۇ ئۆي (يەنى بەيتۇللاھ) نىڭ رەببىگە ئىبادەت قىلسۇنكى، ئۇ ئۇلارنى ئاچلىقتا ئوزۇقلاندۇردى، ئۇلارنى قورقۇنچتىن ئەمىن قىلدى.

## مائۇن سۈرىسى

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّح۪يمِ

اَرَاَيْتَ الَّذ۪ي يُكَذِّبُ بِالدّ۪ينِۜ ﴿١﴾ فَذٰلِكَ الَّذ۪ي يَدُعُّ الْيَت۪يمَۙ ﴿٢﴾ وَلَا
يَحُضُّ عَلٰى طَعَامِ الْمِسْك۪ينِۜ ﴿٣﴾ فَوَيْلٌ لِلْمُصَلّ۪ينَۙ ﴿٤﴾ اَلَّذ۪ينَ هُمْ عَنْ
صَلَاتِهِمْ سَاهُونَۙ ﴿٥﴾ اَلَّذ۪ينَ هُمْ يُرَٓاؤُ۫نَۙ ﴿٦﴾ وَيَمْنَعُونَ الْمَاعُونَ ﴿٧﴾

دىننى ئىنكار قىلغان ئادەمنى كۆردىڭمۇ؟ ئۇ يېتىمنى دۆشكەلەيدىغان، مىسكىنگە تاماق بېرىشنى تەرغىپ قىلمايدىغان ئادەمدۇر. شۇنداق ناماز ئوقۇغۇچىلارغا ۋايكى، ئۇلار نامازنى غەپلەت بىلەن ئوقۇيدۇ. نامازنى رىيا بىلەن ئوقۇيدۇ. ئۇلار قولقا بەرمەيدۇ.

## كەۋسەر سۈرىسى

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّح۪يمِ

اِنَّٓا اَعْطَيْنَاكَ الْكَوْثَرَۜ ﴿١﴾ فَصَلِّ لِرَبِّكَ وَانْحَرْۜ ﴿٢﴾ اِنَّ شَانِئَكَ هُوَ الْاَبْتَرُ ﴿٣﴾

بىز ساڭا ھەقىقەتەن نۇرغۇن ياخشىلىقلارنى ئاتا قىلدۇق. رەببىڭ ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن ۋە قۇربانلىق قىلغىن. ھەقىقەتەن سېنىڭ دۈشمىنىڭنىڭ نام-نىشانى قالمايدۇ.

## كافىرۇن سۈرىسى

بِسْــــــــــــــــــــــمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

قُـلْ يَـٓا اَيُّهَـا الْكَـافِـرُونَۙ ﴿١﴾ لَٓا اَعْبُـدُ مَـا تَعْبُـدُونَۙ ﴿٢﴾ وَلَٓا اَنْتُـمْ
عَـابِـدُونَ مَـٓا اَعْبُـدُۚ ﴿٣﴾ وَلَٓا اَنَا عَـابِـدٌ مَا عَبَـدْتُـمْۙ ﴿٤﴾ وَلَٓا اَنْتُـمْ
عَابِدُونَ مَٓا اَعْبُدُۜ ﴿٥﴾ لَكُمْ دِينُكُمْ وَلِیَ دِينِ ﴿٦﴾

(ئى مۇھەممەد! سېنى بۇتلارغا چوقۇنۇشقا ئۈندىگۈچى كۇففارلارغا) ئېيتقىنكى، «ئى كاپىرلار! سىلەر چوقۇنۇۋاتقان بۇتلارغا مەن چوقۇنمايمەن. سىلەرمۇ مەن ئىبادەت قىلىۋاتقان ئاللاھقا ئىبادەت قىلمايسىلەر. سىلەر چوقۇنغان بۇتلارغا مېنىڭ چوقۇنغىنىم يوق. سىلەرنىڭمۇ مەن ئىبادەت قىلغان ئاللاھقا ئىبادەت قىلغىنىڭلار يوق. سىلەرنىڭ دىنىڭلار ئۆزەڭلار ئۈچۈن، مېنىڭ دىنىمۇ ئۆزەم ئۈچۈن.

## نەسر سۈرىسى

بِسْــــــــــــــــــــــمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

اِذَا جَٓاءَ نَصْرُ اللّٰهِ وَالْفَتْحُۙ ﴿١﴾ وَرَاَيْتَ النَّاسَ يَدْخُلُونَ فٖي دٖينِ اللّٰهِ
اَفْوَاجًاۙ ﴿٢﴾ فَسَبِّحْ بِحَمْدِ رَبِّكَ وَاسْتَغْفِرْهُۜ اِنَّهُ كَانَ تَوَّابًا ﴿٣﴾

ئاللاھنىڭ ياردىمى ۋە غەلبىسى كەلگەن ۋە ئاللاھنىڭ دىنىغا ئىنسانلارنىڭ توپ-توپ بولۇپ كىرگەنلىكىنى كۆرگىنىڭدە، رەببىڭگە تەسبىھ ئېيتقىن، ھەمدى ئېيتقىن ۋە ئۇنىڭدىن مەغفىرەت تىلىگىن. ئاللاھ ھەقىقەتەن تەۋبىنى بەك قوبۇل قىلغۇچىدۇر.

## مەسەد سۈرىسى

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

تَبَّتْ يَدَٓا اَبِى لَهَبٍ وَتَبَّ ﴿١﴾ مَٓا اَغْنٰى عَنْهُ مَالُهُ وَمَا كَسَبَ ﴿٢﴾ سَيَصْلٰى
نَارًا ذَاتَ لَهَبٍ ﴿٣﴾ وَامْرَاَتُهُ حَمَّالَةَ الْحَطَبِ ﴿٤﴾ فِى جِيدِهَا حَبْلٌ مِنْ
مَسَدٍ ﴿٥﴾

ئەبۇ لەھەبنىڭ ئىككى قولى قۇرۇپ كەتسۇن! (ئەمەلدە) قۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭغا مال-مۈلكى ۋە ئېرىشكەن نەرسىلىرى ئەسقاتمىدى. ئۇ لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتقا (يەنى دوزاخقا) كىرىدۇ. ئۇنىڭ ئوتۇن توشۇغۇچى (يەنى سۇخەنچى) خوتۇنىمۇ لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتقا كىرىدۇ. ئۇنىڭ بوينىدا مەھكەم ئېشىلگەن ئارغامچا بولىدۇ.

## ئىخلاس سۈرىسى

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

قُلْ هُوَ اللهُ اَحَدٌ ﴿١﴾ اَللهُ الصَّمَدُ ﴿٢﴾ لَمْ يَلِدْ وَلَمْ يُولَدْ ﴿٣﴾ وَلَمْ
يَكُنْ لَهُ كُفُوًا اَحَدٌ ﴿٤﴾

(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، ئۇ- ئاللاھ بىردۇر. ھەممە ئاللاھقا موھتاجدۇر. ئاللاھ بالا تاپقانمۇ ئەمەس، تۇغۇلغانمۇ ئەمەس. ھېچ كىشى ئۇنىڭغا تەڭداش بولالمايدۇ.

## فەلەق سۈرىسى

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

قُلْ اَعُوذُ بِرَبِّ الْفَلَقِ ﴿١﴾ مِنْ شَرِّ مَا خَلَقَ ﴿٢﴾ وَمِنْ شَرِّ غَاسِقٍ اِذَا وَقَبَ ﴿٣﴾ وَمِنْ شَرِّ النَّفَّاثَاتِ فِي الْعُقَدِ ﴿٤﴾ وَمِنْ شَرِّ حَاسِدٍ اِذَا حَسَدَ ﴿٥﴾

«مەخلۇقاتنىڭ شەررىدىن، قاراڭغۇلۇقى بىلەن كىرگەن كېچىنىڭ شەررىدىن، تۈگۈنلەرگە دەم سالغۇچى سېھىرگەرلەرنىڭ شەررىدىن، ھەسەتخورنىڭ ھەسەت قىلغان چاغدىكى شەررىدىن سۈبھىنىڭ رەببى (ئاللاھ)قا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمەن.

## ناس سۈرىسى

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

قُلْ اَعُوذُ بِرَبِّ النَّاسِ ﴿١﴾ مَلِكِ النَّاسِ ﴿٢﴾ اِلٰهِ النَّاسِ ﴿٣﴾ مِنْ شَرِّ الْوَسْوَاسِ الْخَنَّاسِ ﴿٤﴾ اَلَّذِي يُوَسْوِسُ فِي صُدُورِ النَّاسِ ﴿٥﴾ مِنَ الْجِنَّةِ وَالنَّاسِ ﴿٦﴾

«ئىنسانلارنىڭ رەببى، ئىنسانلارنىڭ پادىشاھى، ئىنسانلارنىڭ ئىلاھى (ئاللاھ)قا سىغىنىپ، كىشىلەرنىڭ دىللىرىدا ۋەسۋەسە قىلغۇچى جىنلاردىن ۋە ئىنسانلاردىن بولغان يوشۇرۇن شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىنىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەيمەن» دېگىن.

## نامازدا ئوقۇلىدىغان دۇئالار ۋە مەنىسى

### سۇبھانەكە دۇئاسى

سُبْحَانَكَ اللّٰهُمَّ وَبِحَمْدِكَ * وَتَبَارَكَ اسْمُكَ * وَتَعَالٰى جَدُّكَ * (وَجَلَّ ثَنَائُكَ) * وَلَآاِلٰهَ غَيْرُكَ *

سەن نوقسان سۈپەتلەردىن پاكتۇرسەن. ئاللاھىم! ساڭا ھەمىشە ھەمدۇسانا ئېيتىمەن. سېنىڭ ئىسمىڭ ئۇلۇغدۇر. مەۋجۇتلۇقۇڭ ھەممىدىن ئۈستۈندۇر، شەرىپىڭ يۈكسەكتۇر، سەندىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر.

### ئەتتەھىييات دۇئاسى

اَلتَّحِيَّاتُ لِلّٰهِ وَالصَّلَوَاتُ وَالطَّيِّبَاتُ * اَلسَّلَامُ عَلَيْكَ اَيُّهَا النَّبِيُّ وَرَحْمَةُ اللّٰهِ وَبَرَكَاتُهُ * اَلسَّلَامُ عَلَيْنَا وَعَلٰى عِبَادِ اللّٰهِ الصَّالِحِينَ * اَشْهَدُ اَنْ لَآاِلٰهَ اِلَّا اللّٰهُ * وَاَشْهَدُ اَنَّ مُحَمَّدًا عَبْدُهُ وَرَسُولُهُ *

تىل، بەدەن ۋە مال بىلەن قىلىنغان ئىبادەتلىرىمىزنىڭ ھەممىسىنى ئاللاھ ئۈچۈن قىلدۇق (ئاللاھتىن باشقىغا ئىبادەت قىلمايمىز) . ئەي پەيغەمبەر! ئاللاھنىڭ سالامى، رەھمىتى ۋە بەرىكىتى ساڭا بولسۇن! بىزگە ۋە ئاللاھنىڭ ياخشى بەندىلىرىگىمۇ سالام بولسۇن! گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر. يەنە گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مۇھەممەد ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسىدۇر.

## ئاللاھۇممە سەللى ئالا دۇئاسى

اَللّٰهُمَّ صَلِّ عَلٰى مُحَمَّدٍ وَعَلٰٓى اٰلِ مُحَمَّدٍ * كَمَا صَلَّيْتَ عَلٰٓى اِبْرٰهِيمَ
وَعَلٰٓى اٰلِ اِبْرٰهِيمَ * اِنَّكَ حَمِيدٌ مَجِيدٌ*

ئاللاھىم! ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ يېقىنلىرىغا رەھمەت قىلغىنىڭدەك، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ يېقىنلىرىغىمۇ رەھمەت قىلغىن. شۈبھىسىزكى، ھەمدۇسانا ساڭا خاستۇر، سېنىڭ شان ـ شەرىپىڭ ئۇلۇغدۇر.

## ئاللاھۇممە بارىك ئالا دۇئاسى

اَللّٰهُمَّ بَارِكْ عَلٰى مُحَمَّدٍ وَعَلٰٓى اٰلِ مُحَمَّدٍ * كَمَا بَارَكْتَ عَلٰٓى اِبْرٰهِيمَ
وَعَلٰٓى اٰلِ اِبْرٰهِيمَ * اِنَّكَ حَمِيدٌ مَجِيدٌ*

ئاللاھىم! ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ يېقىنلىرىغا بەرىكەت بەرگىنىڭدەك، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ يېقىنلىرىغىمۇ ياخشىلىق ۋە بەرىكەت ئاتا قىلغىن. شۈبھىسىزكى، ھەمدۇسانا ساڭا خاستۇر، سېنىڭ شان ـ شەرىپىڭ ئۇلۇغدۇر.

## رەببەنا دۇئاسى

رَبَّنَآ اٰتِنَا فِى الدُّنْيَا حَسَنَةً وَفِى الْاٰخِرَةِ حَسَنَةً وَقِنَا عَذَابَ النَّارِ *
رَبَّنَا اغفِرْلِي وَلِوَالِدَيَّ وَلِلْمُؤْمِنِينَ يَوْمَ يَقُومُ الْحِسَابُ *
بِرَحْمَتِكَ يَآ اَرْحَمَ الرَّاحِمِينَ *

رەببىمىز! بىزگە بۇ دۇنيادا ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، ئاخىرەتتە ياخشىلىق ئاتا قىلغىن! بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن. رەببىمىز! مېنى، ئاتا-ئانامنى ۋە مۆمىنلەرنى ھېساپ ئېلىنىدىغان (مەھشەر) كۈنى مەغفىرەت قىلغىن! سەن ئەڭ رەھىم قىلغۇچى ۋە ناھايىتى مېھرىبانسەن.

## قۇنۇت دۇئالىرى

اَللّٰهُمَّ اِنَّا نَسْتَعِينُكَ وَنَسْتَغْفِرُكَ وَنَسْتَهْدِيكَ * وَنُؤْمِنُ بِكَ وَنَتُوبُ اِلَيْكَ * وَنَتَوَكَّلُ عَلَيْكَ * وَنُثْنِى عَلَيْكَ * الْخَيْرَ كُلَّهُ نَشْكُرُكَ وَلَا نَكْفُرُكَ * وَنَخْلَعُ وَنَتْرُكُ مَنْ يَفْجُرُكَ *

ئاللاھىم! پەقەت سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز، گۇناھلىرىمىزنى ئەپۇ قىلىشىڭنى ۋە بىزنى توغرا يولغا باشلىشىڭنى تىلەيمىز. ساڭا ئىمان ئېيتتۇق، ساڭا تەۋبە قىلىمىز. ساڭىلا ئىشىنىمىز. سەن بىزگە بەرگەن پۈتۈن نېمەتلەرنى بىلىپ ساڭا ھەمدۇسانا ئېيتىمىز. ساڭا شۈكۈر قىلىمىز (تەشەككۈر ئېيتىمىز). ھېچقانداق نېمىتىڭنى ئىنكار قىلمايمىز، ئۇنى باشقىلار بەردى دېمەيمىز. نېمەتلىرىڭنى ئىنكار قىلغۇچى ۋە ساڭا قارشى چىققۇچىلار بىلەن بىر سەپتە تۇرمايمىز.

اَللّٰهُمَّ اِيَّاكَ نَعْبُدُ وَلَكَ نُصَلِّى وَنَسْجُدُ * وَاِلَيْكَ نَسْعٰى وَنَحْفِدُ * نَرْجُو رَحْمَتَكَ * وَنَخْشٰى عَذَابَكَ * اِنَّ عَذَابَكَ بِالْكُفَّارِ مُلْحِقٌ *

ئاللاھىم! پەقەت ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز. نامازنى پەقەت سەن ئۈچۈن ئوقۇيمىز. پەقەت ساڭىلا سەجدە قىلىمىز. پەقەت سېنىڭ يولۇڭدا ماڭىمىز، ساڭا يېقىنلاشتۇرىدىغان ئەمەللەرنى قىلىشقا تىرىشىمىز. چىن كۆڭلىمىزدىن خۇشاللىق بىلەن ساڭا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سېنىڭ رەھمىتىڭنى ئۈمىد قىلىمىز. ئازابىڭدىن قورقىمىز. شۈبھىسىزكى، سېنىڭ ئازابىڭ ئىنكار قىلغۇچىلار (كاپىرلار) ۋە ئىمانسىزلارغا كېلىدۇ.

**روزا سەۋرنىڭ يېرىمدۇر.**

(ئىبنى ماجە، «سىيام»، 44)



### بەشىنچى باب

# سەۋر ئىبادىتى: روزا



## رامىزان كەلدى خوش كەلدى

رامىزان ئېيى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئالاھىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇلۇغ كىتابىمىز قۇرئانى كەرىم مۇشۇ ئايدا نازىل بولغان. شەرەپ ۋە پەزىلەتتە مىڭ ئايدىنمۇ بەك ئۈستۈن بولغان قەدىر كېچىسى بۇ ئايىنىڭ ئىچىدە. بىزنى جىسمانىي ۋە مەنىۋىي جەھەتتىن پاكىزلايدىغان روزىنى بۇ ئايدا تۇتىمىز.

ئۇلۇغ رەببىمىز مۇسۇلمانلارغا ھىجرەتتىن بىر يېرىم يىل كېيىن نازىل قىلغان بۇ ئايەتتە روزا تۇتۇشنى پەرز قىلغان:

**«ئى مۆمىنلەر! (گۇناھلاردىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە (يەنى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە روزا پەرز قىلىنغاندەك سىلەرگىمۇ (رامىزان روزىسى) پەرز قىلىندى.»** (بەقەرە سۈرىسى 183 ـ ئايەت)

رامىزان ئېيى ھاياجان ۋە خۇشاللىق بىلەن كۈتىۋېلىنىدۇ. ھەممە يەردە روزىغا تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن ئالدىراشچىلىق باشلىنىپ كېتىدۇ. ئۆيدە، بازاردا رامىزان ئالدىراشچىلىقى. ئانىمىز ۋە موممىمىز تەييارلىق قىلىدۇ. بۇ ئايدا ئىبادەتلىرىمىزنىڭ لەززىتى، تەمى باشقىچە بولىدۇ. داستىخانلىرىمىز مېھمانلار بىلەن بەرىكەتلىنىدۇ. جامەلەرنىڭ مۇنارلىرىدىكى يېشىل چىراقلار پارلاق نۇر چاچىدۇ ئەتراپقا. جامە مۇنارلىرى ئارىسىدا ئېگىزلىكتە نۇرغۇن لامپىلار ھېكمەتلىك سۆزلەرنى كۆرسىتىدىغان شەكىلدە رەتلىك تىزىلغان بولۇپ، بىر يېنىپ، بىر ئۆچۈپ ئەتراپقا نۇر چاچىدۇ. (ماھىيا) جامەلەر نامازخانلار بىلەن لىق تولىدۇ. پېقىر ـ يوقسۇللار

خۇشال بولىدۇ. بىر ئاي روزا تۇتىمىز. روزا قەلبىمىزنى نۇر كەبى يورۇتىدۇ، بىزنى رەببىمىزگە يېقىنلاشتۇرىدۇ.

«زولۇق يەڭلار، چۈنكى زولۇقتا بەرىكەت بار.»
(بۇخارى، «ساۋم»، 20)

## قۇرئان ئېيى رامىزان

كىتابىمىز قۇرئانى-كەرىم رامىزان ئېيىدا نازىل بولۇشقا باشلىغان. ئاللاھ ۋەھيى پەرىشتىسى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاستىسى بىلەن 610-يىلى رامىزان ئېيىدا قەدىر كېچىسى «ئوقۇ!» دەپ باشلانغان قۇرئانى-كەرىمنىڭ تۇنجى ئايەتلىرىنى نازىل قىلدى. ھەر رامىزان كەلگەندە پەيغەمبىرىمىز ئۇ كۈنگىچە نازىل بولغان ئايەتلەرنى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامغا ئوقۇيتتى، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ئوقۇيتتى. مۇشۇنداق قىلىپ، ۋەھيى پەرىشتىسى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام بىلەن سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز بارلىق ئايەتلەرنى باشتىن ئاخىرىغىچە ئوقۇپ كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقاتتى. قۇرئانى-كەرىمنى بۇ شەكىلدە باشتىن-ئاخىرىغىچە ئوقۇش **مۇقابەلە** دەپ ئاتىلىدۇ. پەيغەمبىرىمىزنىڭ بۇ ئادىتى ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىنمۇ كۈنىمىزگىچە مۇسۇلمانلار ئارىسىدا رامىزان ئېيىدا داۋاملىشىپ كەلمەكتە. مۇسۇلمانلار بۇ ئايدا جامەلەردە قۇرئانى-كەرىمنى باشتىن ئاخىرىغىچە تولۇق ئوقۇپ خەتمىقۇرئان قىلىدۇ.



## ناغرا، دۇمباق چېلىندى، زوغا تۇرايلى

رامىزان ئېيى كىرىشى بىلەنلا كېچىسى چىراق ياندۇرىدىغان ئۆيلەر بىراقلا كۆپىيىپ كېتىدۇ. ناغرا-دۇمباق ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ. كېچىدە زولۇق يېيىش ئۈچۈن ئورنىمىزدىن تۇرىمىز، روزا تۇتۇش ئۈچۈن تاماق يەيمىز. زوغا تۇرالمىغانلارمۇ روزا تۇتىدۇ. لېكىن ئاچلىق ۋە سۇسىزلىققا ئوبدان تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، زولۇق يېيىشنىڭ كۆپ پايدىسى بار. زولۇق

ئۆيىمىزنىڭ بەرىكىتىنى زىيادىلەشتۈرىدۇ. زولۇق يەپ بولغاندىن كېيىن، چىشلىرىمىزنى چوتكىلاپ يۇيىمىز، ئېغىزىمىزنى پاكىزە چايقايمىز. «ئاللاھىم، سېنىڭ رازىلىقىڭغا ئېرىشىش ئۈچۈن روزا تۇتۇشقا نىيەت قىلدىم» دەيمىز. سۇبھى ۋاقتىنىڭ كىرگەنلىكىنى مۇئەززىن بامدات نامىزىغا ئوقۇغان ئەزان ئاۋازىدىن بىلىمىز. ئەزان ئوقۇلۇشى بىلەنلا بىزنىڭ روزىمىز باشلىنىدۇ. ئەزاندىن كېيىن بامدات نامىزىمىزنى ئوقۇپ، خالىساق بىردەم ئوخلىۋالساق بولىدۇ. تاڭ ئاتقاندىن باشلاپ تاكى كۈن پاتقىچە، يەنى ئىپتارغىچە بولغان ئارىلىقتا يېمەيمىز، ئىچمەيمىز.

## روزا خۇشاللىقى

ياخشى بىر مۇسۇلمان بولۇش ئۈچۈن قىلىشىمىزغا تېگىشلىك بولغان ئىبادەتلەرنى پەقەتلا رەببىمىزنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن قىلىمىز ئەلۋەتتە. لېكىن بۇ ئىبادەتلەر ئۆزىمىز ۋە جەمئىيىتىمىز ئۈچۈنمۇ نۇرغۇن پايدا كەلتۈرىدۇ. روزا بۇ جەھەتتە ئىنتايىن مۇھىم بىر ئىبادەتتۇر.

ئون بىر ئاي توختىماي ئىشلىگەن ئەزالىرىمىز (ھەزىم قىلىش ئورگانلىرىمىز) بىر ئاي دەم ئالىدۇ. سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنىڭ: «روزا تۇتۇڭلار، ساغلام بولىسىلەر» («مۇسنەد»، II، 380) دېگەن تەۋسىيىسى بويىچە سالامەت بولىمىز. روزا ئىرادىمىزنى كۈچلەندۈرىدۇ. سەۋر قىلىشنى ئۆگىتىدۇ بىزگە. روزا ھەقىقەتەن باشتىن ئاخىرغىچە سەۋرچانلىق تەربىيىسىدۇر.

روزا تۇتقاندا كۆزىمىز سائەتتە، قۇلىقىمىز ئەزاندا ئىپتارنى كۈتىمىز. بەزىدە ئىپتارنى جاكالاش ئۈچۈن ساليوت ئېتىلىدىغان چاغلارمۇ بولىدۇ. مۇئەززىن ئاللاھۇ ئەكبەر دەپ ئەزان ئوقۇشى بىلەنلا، كۈتىشىمىز ئاخىرلىشىدۇ. بىزگە نۇرغۇن نازۇ-نېمەتلەرنى بەرگەن رەببىمىزگە شۈكۈر قىلىپ دۇئا قىلغاندىن كېيىن ئىپتار قىلىمىز.



### ئىپتار دۇئاسى:

**«ئەي رەببىم! سېنىڭ رازىلىقىڭ ئۈچۈن روزا تۇتتۇم. ساڭا ئىمان ئېيتتىم. ساڭا ئىشەندىم. سەن بەرگەن نېمەت بىلەن ئىپتار قىلدىم. ماڭا نېمەت، سالامەتلىك بەرگەنلىكىڭ ئۈچۈن ساڭا كۆپ شۈكۈر، ھەمدۇسانا ئېيتىمەن، ئامىين!»**

يېگەن تاماقلىرىمىز نېمىدىگەن مېزىلىك ـ ھە! ئانىمىز ئەتكەن تاماقلار ھېچقاچان بۇگۈنكىدەك ئوخشىغان، تېتىغان ئەمەس. روزا تۇتقاندا نورمال ۋاقىتلاردا يەپ ئىچكەن نەرسىلەرنى سېغىنىپ كېتىدىكەنمىز. ھازىر ئىچكەن سۇيىمىز ئىلگىرى ئىچكەن ھەممە سۇيىمىزدىن بەكرەك تەملىك تېتىدى. رەببىمىز بەرگەن نېمەتلەرنىڭ قىممىتىنى تېخىمۇ ياخشى ھېس قىلدۇق. نامرات ـ يوقسۇللارنىڭ ئاچ قالغان چاغدىكى ئەھۋالىنى چۈشەندۇق. بىزگە بۇنچە كۆپ نېمەتلەرنى بەرگەنلىكى ئۈچۈن رەببىمىزگە چىن يۈرەكتىن تەشەككۈر ئېيتىمىز. بىزنى بۇ شېرىن نازۇ ـ نېمەتلەردىن مەھرۇم قىلماسلىقى ئۈچۈن رەببىمىزگە دۇئا قىلىمىز.

رامىزاندا روزا تۇتقاندا، ئىپتار داستىخىنىدا، زولۇق يېگەندە، ناغرا ـ دۇمباق ئاۋازىنى ئاڭلىغاندا، جامە مۇنارىدىكى رەڭلىك چىراقلارنى، نۇرلۇق خەتلەرنى كۆرگەندە، رامىزانلىق نانلارنىڭ مېزىلىك پۇرىقىنى پۇرىغاندا، ھېيتلىق كەمپىتلەرنى يېگەندە رامىزاننىڭ ئۆزگىچە خۇشاللىقى شادلاندۇرىدۇ بىزنى.

## ئىپتارغا چاقىردى!

رامىزاندا خولۇم ـ خوشنىلار، ئۇرۇق ـ تۇغقانلار بىر ـ بىرىنى ئىپتارغا چاقىرىشىدۇ. ئۇزۇن ۋاقىتتىن بويان كۆرۈشەلمىگەن يېقىنلىرىمىز بىلەن ئىپتار داستىخىنىدا جەم بولىمىز. مېزىلىك تائاملارغا ئېغىز تەككەچ كۆڭۈللۈك، قىزغىن پاراڭلىشىمىز. ئىپتار بىزنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىق ۋە دوستلۇق رىشتىمىزنى تېخىمۇ كۈچلەندۈرىدۇ. ئىقتىسادىي ئەھۋالى ياخشى بولغانلار پېقىر ـ يوقسۇللارنى ئىپتار قىلغۇزىدۇ. مەھەللىمىزدىكى ئىگە ـ چاقىسىز، غېرىپ ـ مىسكىن، نامرات ـ كەمبەغەللەرنى ئىپتارغا چاقىرىپ ئۇلارنى ئۇنتۇپ قالمىغانلىقىمىزنى بىلدۈرىمىز. شەھەرلەردە ھەممە يەردە چوڭ چوڭ ئىپتار چىيدىرلىرى تىكىلىدۇ. ئىدارە ـ ئورگانلار، شىركەت ـ كارخانىلار، باي تىجارەتچىلەر نۆۋەتلىشىپ ھەر كۈنى نەچچە مىڭ كىشىگە ھەقسىز ئىپتارلىق تائام ئىكرام قىلىدۇ. ئۆيىگە ئىپتارغا ئۈلگۈرۈپ بارالمىغانلار، ئوقۇغۇچىلار، ئىگە ـ چاقىسىز كىشىلەر بۇ چىيدىرلاردا راھەت ئىپتار قىلىشىدۇ.

«رامىزان ئېيىدا قۇرئان نازىل بولۇشقا باشلىدى، قۇرئان ئىنسانلارغا يېتەكچىدۇر، ھىدايەت قىلغۇچى ۋە ھەق بىلەن ناھەقنى ئايرىغۇچى رۇشەن ئايەتلەردۇر، سىلەردىن كىمكى رامىزان ئېيىدا ھازىر بولسا رامىزان روزىسىنى تۇتسۇن؛ كىمكى كېسەل ياكى سەپەر ئۈستىدە (يەنى مۇساپىر) بولۇپ (تۇتمىغان بولسا، تۇتمىغان كۈنلەر ئۈچۈن) باشقا كۈنلەردە تۇتسۇن. ئاللاھ سىلەرگە ئاسانلىقنى خالايدۇ، تەسلىكنى خالىمايدۇ، سىلەرنى ھىدايەت قىلغانلىقى ئۈچۈن ئاللاھنى ئۇلۇغلىشىڭلار، ئۇنىڭ ئىنئاملىرىغا شۈكۈر قىلىشىڭلارنى خالايدۇ.»

(بەقەرە سۈرىسى 185 ـ ئايەت)

## تەراۋىھ نامىزىغا بارىمىز

رامىزان ئېيىدا جامەلىرىمىز، مەسجىدلىرىمىز قايىنام-تاشقىنلىققا چۆمىدۇ. ئىنسانلار ئىپتار قىلىپ بولغاندىن كېيىن، توپ-توپ بولۇپ جامەگە قاراپ مېڭىشىدۇ. جامەلىرىمىز لىق تولىدۇ. ئەر-ئايال، چوڭ-كىچىك، قېرى-ياش ھەممە كىشى تەراۋىھ نامىزى ئوقۇيدۇ.

تەراۋىھ نامىزى سۈننەت بولۇپ، خۇپتەن نامىزىدىن كېيىن 20 رەكئەت ئوقۇلىدۇ، ئاندىن 3 رەكئەت ۋىترى ۋاجىب نامىزى ئوقۇلىدۇ.

## خاسىيەتلىك كېچە: قەدىر كېچىسى

قۇرئانى-كەرىمنىڭ تۇنجى ئايەتلىرى نازىل بولغان كېچە قەدىر كېچىسى دەپ ئاتىلىدۇ. قۇرئانى-كەرىم بۇ كېچىنى شەرەپ ۋە پەزىلەتتە مىڭ ئايدىن ئارتۇق بىر كېچە دەپ تەرىپلىگەن. مۇسۇلمانلار رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنى كېچىسى، بولۇپمۇ 27-كۈنى كېچىسىنى قەدىر كېچىسى دەپ بىلىدۇ. بۇ كېچىدە كۆپ ئىبادەت قىلىمىز، كەمچىلىك، خاتالىقلىرىمىزنى ئەپۇ قىلىشى ئۈچۈن رەببىمىزگە چىن كۆڭلىمىزدىن يالۋۇرۇپ دۇئا قىلىمىز. بارلىق مۆمىنلەر قەدىر كېچىسى جامە، مەسجىدلەرنى لىق تولدۇرۇپ، تائەت-ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولىدۇ.

## تۈنەك كېچىلىرى

ھېيت كۈنلىرىنى قىزغىن تەبرىكلىگەندەك، تۈنەك كېچىلىرىنىمۇ قولدىن بەرمەيمىز. يولدا، بازاردا ھەر يەردە بۇ كېچە مۇناسىۋىتى بىلەن ئالاھىدە سىمىت[1] سېتىلىدۇ. بوۋا-موما، ئاتا-ئانىمىز قۇرئانى-كەرىم ئوقۇيدۇ، دۇئا-تەلەپ ۋە تائەت-ئىبادەت قىلىدۇ.

1 . سىمىت: تەمى بىزنىڭ نانلىرىمىزغا ئوخشايدۇ، بۇغداي ئۇنى خېمىرىدا پىشۇرۇلىدۇ، چوڭ كىچىكلىكى گىردىچىلىك بار، ئۈستىگە كۈنجۈت سېپىپ، سارغايتىپ پىشۇرۇلغان، ئوتتۇرىسى كاۋاك، چەمبەرسىمان يۇملاق توقاچ نان. تۈركىيەدە قەدىر كېچىسى قاتارلىق تۈنەك كېچىلىرى بولىدىغان كۈندە، بۇ كېچىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن خېمىرى سېرىق ماي بىلەن يۇغۇرۇلغان مەززىلىك سىمىتلار ھەر يەردە سېتىلىدۇ. (تەرجىماندىن)

«بىز قۇرئاننى ھەقىقەتەن شەبى قەدىردە نازىل قىلدۇق. شەبى قەدىرنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟ شەبى قەدرى (شەرەپ ۋە پەزىلەتتە) مىڭ ئايدىن ئارتۇقتۇر. پەرىشتىلەر ۋە جىبرىئىل شۇ كېچىدە رەببىنىڭ ئەمرى بىلەن (زېمىنغا ئاللاھ تەقدىر قىلغان) بارلىق ئىش ئۈچۈن چۈشىدۇ. شۇ كېچە تاڭ يورۇغانغا قەدەر پۈتۈنلەي تىنچ-ئامانلىقتىن ئىبارەتتۇر.»

(قەدىر سۈرىسى 1-4-ئايەتلەر)

تۈنەك كېچىلىرى ئاخشىمى جامەلەرنىڭ ئىككى ئىگىز مۇنارى ئارىسىغا كىچىك لامپىلاردىن ھاسىل قىلىنغان ھېكمەتلىك جۈمىلىلەر ئېسىلىدۇ، بۇ خەتلەر قاراڭغۇدا نۇر چېچىپ پارلاپ تۇرىدۇ. بۇلار تۈركچىدە «ماھيا» دەپ ئاتىلىدۇ.

**مەۋلۇت كېچىسى**: رەبىيۇلئەۋۋەل ئېيىنىڭ 12-كېچىسى، سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز دۇنياغا كەلگەن كۈندۇر.

**رەغائىب كېچىسى**: رەجەب ئېيىدىكى بىرىنچى جۈمە كۈنى ئاخشىمى. ئاللاھنىڭ رەھمەت ۋە مەغفىرىتى (ئەپۇ قىلىشى) كۆپ بولغان كېچە.

**مىراج كېچىسى**: رەجەب ئېيىنىڭ 27-كۈنى كېچىسى. بۇ كېچە پەيغەمبىرىمىز ئاسمانغا چىققان.

**بارات كېچىسى**: شەئبان ئېيىنىڭ 15-كۈنى كېچىسى. ئاللاھ پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئىزىدىن ماڭغان مۆمىنلەرنى بۇ كېچە مەغفىرەت قىلىپ، مۇكاپاتلايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

**قەدىر كېچىسى**: رامىزان ئېيىنىڭ 27-كېچىسى. قۇرئانى-كەرىم بۇ كېچىدە نازىل بولۇشقا باشلىغان.

## كىملەر روزا تۇتىدۇ؟

بالاغەتكە يەتكەن، ئەقلى-ھۇشى جايىدا ھەر مۇسۇلمان روزا تۇتۇشى كېرەك. ئۇنداقتا، ئاغرىپ قالغانلارچۇ؟ ئۇلار قانداق قىلىدۇ؟ رامىزان ئېيىدا روزا تۇتالمايدىغان دەرىجىدە كېسەل بولغانلار، رامىزاندا تۇتالمىغان روزىنى كېسىلى ساقايغاندا تۇتسا بولىدۇ. ئەگەر 10 كۈن روزا تۇتالمىغان بولسا، كېسىلى ساقايغاندا 10 كۈن؛ 3 كۈن تۇتالمىغان بولسا، ساقايغاندا 3 كۈن روزا تۇتسا بولىدۇ. روزا تۇتالمايدىغان ئېغىر كېسەل ۋە قاتتىق ياشىنىپ كەتكەن كىشىلەر بار. ئۇلار تۇتالمىغان روزىسى ئۈچۈن سەدىقە بېرىدۇ، بۇ سەدىقە **فىدىيە** دەپ ئاتىلىدۇ. پېقىر-يوقسۇللارغا بېرىلىدىغان بۇ سەدىقىنىڭ مىقدارى بىر كۈنلۈك روزا ئۈچۈن بىر كىشىنىڭ بىر كۈنلۈك تامىقى (ياكى تاماق خىراجىتى)غا يېتىدىغان دەرىجىدە بولۇشى كېرەك.

«كىمكى ئىمان ئېيتقان ۋە ساۋابىنى پەقەتلا ئاللاھتىن ئۈمىد قىلغان ھالدا رامىزاندا روزا تۇتسا، ئاللاھ ئۇنىڭ ئۆتمۈشتىكى بارلىق گۇناھلىرىنى مەغفىرەت قىلىدۇ.»

(بۇخارى، «ساۋم»، 6)

تۇتۇش پەرز بولغان بۇ رامىزان روزىسىدىن باشقا، مۆمىنلەر يەنە خالىسا ئاللاھقا تېخىمۇ يېقىنلىشىش ئۈچۈن روزا (نەپلە روزا) تۇتسا بولىدۇ. بولۇپمۇ دۈشەنبە ۋە پەيشەنبە كۈنى روزا تۇتۇش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىدۇر.

ئۇلۇغ ئاللاھ بىزنى ھېيت قىلسۇن دەپ ئىكرام قىلغان قۇربان ھېيت ۋە روزا ھېيت كۈنىدە روزا تۇتۇش ھارام (مەنئى) قىلىنغان.

## روزام سۇنۇپ كەتتىمۇ؟

روزىدار تۇرۇپ قەستەن بىرەر نەرسە يەپ ئىچسە روزا سۇنىدۇ. تۇيۇقسىز ئاغرىپ قېلىش دېگەندەك تۇتامىغا چىققۇدەك بىرەر باھانە ـ سەۋەبى بولمىغان ئەھۋالدا قەستەن رۇزىسىنى سۇندۇرغانلار بۇنىڭ ئورنىغا رامىزاندىن كېيىن سۇنغان بىر كۈنلۈك روزا ئۈچۈن بىر كۈن روزا تۇتىدۇ، روزىنى بىلىپ تۇرۇپ سۇندۇرغانلىقىنىڭ جازاسى ئۈچۈن ئىككى ئاي كۈن ئاتلاتماي (يەنى 60 كۈن) جازا (كەففارەت) روزىسى تۇتىدۇ. روزا تۇتقاندا بەزىدە روزىدار ئىكەنلىكىمىزنى ئۇنتۇپ قېلىپ، بىرەر نەرسە يەپ ئىچىپ سېلىشىمىز مۇمكىن. بۇ ئەھۋالدا روزىمىز سۇنۇپ كەتمەيدۇ. روزىدار ئىكەنلىكىمىز ئېسىمىزگە كەلگەن ھامان، ئاغزىمىزنى چايقاپ، روزىمىزنى داۋاملاشتۇرۇشىمىز كېرەك.

روزا ئاللاھ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئىبادەتلەرنىڭ مۇھىم بىرىدۇر. روزىنى پەقەت ئاچ ۋە سۇسىز قېلىش بىلەنلا تۇتقىلى بولمايدۇ. شۇڭا روزا تۇتقاندا باشقا چاغلاردىكىگە قارىغاندا ئىش ـ ھەركىتىمىزنى تېخىمۇ بەك ياخشىلىشىمىز، نامازنى ۋاقتىدا تەئدىل ـ ئەركان بىلەن ئوقۇشىمىز، قۇرئانى ـ كەرىمنى كۆپرەك ئوقۇشقا تىرىششىمىز كېرەك. ئاغزىمىزدىن ناچار گەپ ـ سۆزلەر چىقماسلىقى، قۇپاللىق بىلەن باشقىلارنى رەنجىتمەسلىكىمىز كېرەك. بۇلارغا رىئايە قىلىپ روزا تۇتقىنىمىزدا ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا نائىل بولالايمىز.

«روزا بىر قالقاندۇر. روزىدار ھالەتتە يامان گەپ ـ سۆز قىلماڭلار. بىرەيلەن سىلەر بىلەن جېدەللەشمەكچى بولسا، مەن روزىدارمەن، مەن روزىدارمەن دەڭلار.»
(بۇخارى، «ساۋم»، 9)



## ھېيت كەلدى خوش كەلدى

ھېيتنىڭ ئالدىنقى كۈنى **ھارپا كۈنى** دەپ ئاتىلىدۇ. ھارپا كۈنى بازاردا ھېيتلىق نەرسە-كېرەك سېتىۋالىدىغان ئادەملەر ئۇ قەدەر كۆپ بولىدۇكى، قىستاڭچىلىقتا بىر قەدەم ئېلىشمۇ تەس بولۇپ كېتىدۇ. ئادەتتە ھارپا كۈنى قەۋرىستانلىقنى زىيارەت قىلىدىغانلار بولىدۇ. ۋاپات بولغان يېقىنلىرىمىز، بوۋا-مومىلىرىمىزنىڭ قەۋرىسىگە چىقىپ، ئۇلارنىڭ روھىغا ئاتاپ فاتىھە ئوقۇپ، دۇئا قىلىمىز. روزا ھېيت ھارپىسىدا ئۇلارنى ئۇنتۇپ قالمايمىز.

رامىزاندا روزا تۇتقاندىن كېيىن **ھېيت** قىلىمىز. ھېيت خۇشاللىق كۈنىدۇر. ھېيت قىلىشنى سېغىنىپ كەتكىلى نەۋاخ. خۇشال-خۇرام ھېيت قىلىمىز. ئەتىگەندە سەھەر ئورنىمىزدىن تۇرۇپ، چوڭلار بىلەن بىرلىكتە جامەگە بارىمىز. ئەگەر بىر ئاز كېچىكىپ قالىدىغان بولساق، جامەدە ناماز ئوقۇغۇدەك يەر قالمايدۇ ئادەملەرنىڭ كۆپلىكىدىن. ئۆيىمىز پەتىلەپ كەلگەن مېھمانلار بىلەن ئاۋاتلىشىپ كېتىدۇ. ھېيتلىق چىرايلىق يېڭى كىيىملىرىمىزنى كىيىپ چوڭلارنىڭ قولىنى سۆيىمىز. بىز باللارنىڭ يانچۇقلىرىمىز ھېيتلىق پۇللار ۋە كەمپىتلەر بىلەن لىق تولىدۇ. ئانىمىز بىر ئاي تولۇق روزا تۇتقان ئېغىزىمىزغا خوش ياقسۇن، تېتىسۇن دەپ، ھەر خىل پېچىنە-پىرەنىك، تاتلىق-تۈرۈملارنى ھازىرلايدۇ. مېھمانلار ئۈچۈن ھېيتلىق داستىخان ھەر خىل نازۇ-نېمەتلەر، شىرىن شەربەتلەر بىلەن تولغان، قەھۋە ئىچىمىز، نېمەتلەرگە ئېغىز تېگىمىز.

ھېيت كۈنى ئىلگىرى قېيدىشىپ، ئاداۋەتلىشىپ قالغانلار ئىتتىپاقلىشىدىغان، بىر-بىرىنى ئەپۇ قىلىدىغان مۇبارەك كۈن، تېپىلماس ياخشى پۇرسەتتۇر. قەلبلەر يۇمشايدۇ، قوللار بىر-بىرى بىلەن كۆرۈشىدۇ، ئاغرىنىشلار يوقايدۇ، دوستلۇق پەيدا بولىدۇ يېڭىدىن.

ئاسمان-زېمىن ھېيت قىلىدۇ بىز بىلەن بىللە.



### ئالتىنچى باب

# بۆلۈشمەك ئىبادىتى: زاكات

## بىللە ياشايمىز

ئىنسانلار بىللە ياشايدۇ. بىر جەمئىيەت بولۇپ ياشاشقا مەجبۇرمىز. چۈنكى، نېنىمىزنى ناۋاي ياقىدۇ، كىيىمىمىزنى تىككۈچى تىكىدۇ، مۇئەللىملىرىمىز بىزنى ئوقۇتىدۇ. ساقچىلار قوغدايدۇ بىزنى. جەمئىيەتنى ھاسىل قىلغۇچى شەخسلەر ئارىسىدا بىر ئىش تەقسىماتى مەۋجۇد. يالغۇز بىر كىشى ئۆزىنىڭ بارلىق ئېھتىياجىنى قامداپ كېتەلمەيدۇ. شۇڭا يېزا، شەھەر، مەھەللىلەردە بىرلىكتە ياشايمىز. بىرلىكتە ياشاش ئۆزئارا ھەمكارلىشىش، ئۆزئارا ياردەملىشىشنى شەرت قىلىدۇ.

ئىنسانلار ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتتە خىلمۇ-خىل ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. بەزىلەرنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ياخشى، بەزىلەرنىڭ ناچار. بايلار ھاجەتمەنلەرگە ياردەم قولىنى سۇنۇپ، ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشى كېرەك. جەمئىيەتتە ئۆز ئارا ياردەملىشىش، ھەمكارلىشىش روھىنى كۈچەيتىپ، ئىنسانلار قىيىنچىلىق زامانلاردا بىر-بىرىگە يار-يۆلەك بولۇشى كېرەك. يېتىم-يېسىرلار، تۇل، غېرىبلار، ئىگە-چاقىسىزلار، ئىشلىيەلمەيدىغانلارغا قول-قانات بولۇش، ياردەم قىلىش كېرەك. بولمىسا، جەمئىيەتتە تىنچ-ئامانلىق بۇزۇلىدۇ. ئىنسانلار چىقىش يولى تاپالمىغاندا يامان يولغا كىرىپ قېلىشى مۇمكىن. ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق، يانچۇقچىلىق قىلىدىغانلار كۆپىيىدۇ. ئەسلىدە نامرات-يوقسۇللارنىڭ قىيىنچىلىقى ھەل قىلىنغان بىر



جەمئىيەتتە ئۆچ ـ ئاداۋەت، غەزەپ ـ نەپرەت تۇيغۇسى بولمايدۇ، سۆيگۈ ـ مۇھەببەت، كەڭ قورساقلىق ئومۇملىشىدۇ.

## تەڭ بەھرىمەن بولايلى، ياردەملىشەيلى

ياراتقۇچى ۋە ياشاتقۇچى رەببىمىز بىز ئىنسانلارغا سان ـ ساناقسىز نېمەتلەرنى بەرگەن. كىشىلەر ئىگە بولغان نېمەتلەر پەرقلىقتۇر. بەزىلەرنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ياخشى، قولى ئۇزۇن، يەنى باي؛ بەزىلەرنىڭ قولى قىسقا، يەنى كەمبەغەل. ئىقتىسادىي ئەھۋالى ياخشى بولغانلار ھاجەتمەنلەرگە ياردەم قولىنى سۇنۇپ، ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشى كېرەك. چۈنكى دىنىمىز قول ئىلكىمىزدىكى نېمەتلەردىن باشقىلار بىلەن تەڭ بەھرىمەن بولۇشىمىزنى، باشقىلارغا ياردەم قىلىشىمىزنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ. تەڭ بەھرىمەن بولۇش، ياردەملىشىشكە توسقۇنلۇق قىلىدىغان بېخىللىق، چىدىماسلىق، ئىچى تارلىق، پېقىرلارنى خار كۆرۈش قاتارلىق روھىي ھالەتلەرنى دىنىمىز ئەيىپلەيدۇ. خۇشاللىقتىن تەڭ بەھرىمەن بولساق، ئۇ شۇنچە كۆپىيىدۇ؛ قىيىنچىلىقنى تەڭ ئۈستىمىزگە ئالساق، ئۇ شۇنچە يېنىكلەيدۇ.

**زاكات** مال بىلەن ئادا قىلىنىدىغان بىر ئىبادەتتۇر.

ئاللاھ بەرگەن نېمەتلەرگە مىلىمىز بىلەن تەشەككۈر ئېيتىش ئۈچۈن زاكات بېرىمىز.

زاكات «پاكىزلاش، پاكلىنىش، بەرىكەت» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. دىنىمىزدا باي ھېساپلىنىدىغان كىشىلەرگە زاكات پەرز قىلىنغان. تۇرمۇشتىكى ئاساسلىق ئېھتىياجىمىزنى قامدىغاندىن كېيىن ئېشىپ قالغان مال ـ مۈلۈك ياكى پۇل قولىمىزدا بىر يىل ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ مۇئەييەن مىقدارىنى موھتاجلارغا بېرىمىز.

زاكات باي مۇسۇلمانلارنىڭ ماللىرىدىكى نامرات مۇسۇلمانلارنىڭ ھەققى سۈپىتىدە يىلدا بىر قېتىم بېرىلىدۇ. بۇ جەھەتتىن زاكات دىنىي ۋە ۋىجدانىي بىر مەسئۇلىيەتتۇر.

زاكات ئىجتىمائىي ھەمكارلىقنى كۈچەيتىدۇ. كىشىلەرگە ياردەمپەرۋەرلىكنى ئۆگىتىدۇ. جەمئىيىتىمىزدە بايلار زاكاتلىرىنى

«ئىنسانلار بىر ـ بىرىگە كۆيۈنۈش، ياخشى كۆرۈش ۋە ئاسراشتا بىر بەدەننىڭ ئەزالىرىغا ئوخشايدۇ. بەدەندىكى بىر ئەزا ئاغرىپ قالسا، باشقا ئەزالارمۇ بىئارام بولغىنىدەك، بىر مۆمىن قىيىنچىلىقتا قالغاندا باشقا مۆمىنلەرمۇ ئۇنىڭ قىيىنچىلىقىغا ھەمدەم، دەردىگە دەرتداش بولۇپ، تەڭ قايغۇرىدۇ.»

(بۇخارى، «ئەدەب»، 78)

بەرگەندە، ئوغرىلىق، تىلەمچىلىك قاتارلىق ناچار خاھىشلار ئازىيىدۇ.

## مېھرى ـ شەپقەت كۆۋرۈكى

ناماز مەنىۋى ئىبادەت، زاكات بولسا ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي سالمىقى ئېغىر بولغان ماددىي ئىبادەتتۇر. ناماز شەخسنى تەربىيىلىسە، زاكات جەمئىيەتنى تەربىيەلەيدۇ. ناماز بىلەن زاكات مۇقەددەس كىتابىمىز قۇرئانى ـ كەرىمدە نۇرغۇن ئايەتلەردە بىرلىكتە تىلغا ئېلىنغان ۋە كۆپ تەكرارلانغان.

زاكات پەرز قىلىنىشتىن ئىلگىرى كەمبەغەل يوقسۇللارغا خالىس ياردەم قىلىنىپ، سەدىقە بېرىلەتتى. سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مەدىنىدە دۆلەت قۇرۇشى بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ كەمبەغەللەرگە جەزمەن زاكات بېرىشى كېرەكلىكىگە ئەمىر قىلىنىپ، زۆرۈر ئىبادەت بولدى.

كۈنىمىزدە دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئاچلىق، يوقسۇللۇق يەنىلا ھۆكۈم سۈرمەكتە. بولۇپمۇ ئافرىقىدا نەچچە مىڭ بالا ئاچلىق تۈپەيلى ئۆلۈم گىردابىدا تۇرماقتا. بۇنىڭ سەۋەبى ئۇلارنىڭ يېگۈدەك نەرسە تاپالمىغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى بايلارنىڭ تېخىمۇ بايلىشىشى، نامراتلارنىڭ تېخىمۇ نامراتلىشىشى تۈپەيلىدىندۇر. كۈنىمىزدىكى بەزى ئىنسانلارنىڭ رەھىمسىز، تاش يۈرەك بولۇپ كېتىشى بۇ پەرقنى تېخىمۇ چوڭايتماقتا.

زاكات پەقەتلا باي بىلەن نامرات ئوتتۇرىسىدىكى پۇل ـ مال ئالماشتۇرۇش ئەمەس، بەلكى قەلب بىلەن قەلب، ئىنسان بىلەن ئىنسان ئوتتۇرىسىدا قۇرۇلغان مېھرى ـ شەپقەت ۋە مەرھەمەت كۆۋرۈكىدۇر.

زاكات يوقسۇل نامراتلارنى خارلىق، بىچارىلىقتىن قۇتۇلدۇرغاندەك، بايلارنىڭمۇ مېلىنى بەرىكەتلىك قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ بىر جەمئىيەتتە بىللە ياشايدىغان كەمبەغەل ئىنسانلارغا پەرۋاسىز نەزەردە قاراپ سېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئىنسانلار ئارىسىدىكى ئىقتىسادىي ئەھۋال تۈپەيلى ئوتتۇرىغا

«بەرگۈچى قول ئالغۇچى قولدىن ئۈستۈندۇر.»
(بۇخارى، «زاكات»، 18)



چىققان باي ـ نامراتلىق پەرقىنى كىچىكلىتىدۇ. بايلار بىلەن نامراتلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق كىچىكلىتىلمىگەندە جەمئىيەتتە ئىجتىمائىي قىيىنچىلىقلار مەيدانغا كېلىشكە باشلايدۇ.

ئىسلامنىڭ زاكات ئەمرى مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدە ۋەقىپ (ۋەخپە) قۇرۇلۇشىغا سەۋەب بولغان. ۋەقىپلەر ئىسلام مەدەنىيەتىگە خاس بولغان ئورگاندۇر. ۋەقىپ ئۆز ئارا ياردەملىشىش روھىنىڭ بىر مېۋىسى بولۇش سۈپىتىدە ۋە زاكاتنىڭ تەربىيەسى تەسىرىدە دۇنياغا كېلىپ مۇئەسسەسەلەشكەن.

ناماز بىلەن زاكات دىنىمىز ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدىغان ئىككى ئىبادەتتۇر. چۈنكى بەرگۈچى قول ئالغۇچى قولدىن ئۈستۈندۇر. ئىنسانلار كۈچىنىڭ يېتىشىچە ئىشلەپ بالدۇرراق بېرەلەيدىغان قول بولۇش ئۈچۈن تىرىشىدۇ. شۇنداقتىمۇ بەزى ئەھۋاللاردا ئىنسانلارنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەنلا ھەل قىلغىلى بولمايدىغان ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقلار بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن: مېيىپ ـ مەجرۇھ بولۇش، ئاپەتكە ئۇچراش قاتارلىق. شۈبھىسىزكى، زاكات، سەدىقە بېرىش، بىر نان تاپسا تەڭ يېيىش، ياردەملىشىش، ئىنسانلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇش ئالىيجاناب ئەخلاقىي پەزىلەتتۇر.

«ئى مۆمىنلەر! سىلەر ئېرىشكەن نەرسىلەرنىڭ ۋە بىز سىلەرگە زېمىندىن چىقىرىپ بەرگەن نەرسىلەر (يەنى ئاشلىقلار، مېۋىلەر)نىڭ ياخشىلىرىدىن سەدىقە قىلىڭلار؛ ئۆزەڭلارمۇ پەقەت كۆزۈڭلارنى يۇمۇپ تۇرۇپ ئالىدىغان ناچارلىرىنى ئېلىپ سەدىقە قىلماڭلار. بىلىڭلاركى، ئاللاھ (بۇنداق سەدىقەڭلاردىن) بىھاجەتتۇر، ھەمدىگە لايىقتۇر.»

(بەقەرە سۈرىسى 267 ـ ئايەت)

## كىملەر زاكات بېرىدۇ؟

بىر كىشىنىڭ زاكات بېرەلەيدىغان بولۇشى ئۈچۈن باي بولۇشى، باي بولۇش ئۈچۈنمۇ ئىشلەپ ئەمگەك قىلغان، بەلگىلىك ھاسىلاتقا ئېرىشكەن بولۇشى كېرەك. كىتابىمىز قۇرئانى ـ كەرىمدە: **«ئىنسان پەقەت ئۆزىنىڭ ئىشلىگەن ئىشىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدۇ»** (نەجم سۈرىسى 93 ـ ئايەت) دېيىلگەن.

دىنىمىز ھۇرۇنلۇقنى، ئىشلىمەي چىشلەشنى (ئىشلىمەستىن باشقىلارنىڭ ھەققىنى يەۋېلىشنى)، باشقىلارنىڭ قان ـ تەرى بەدىلىگە ياشاشنى قوللىمايدۇ. دەرۋەقە، سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز بىر ئادەم تىلەمچىلىك قىلماقچى بولغىنىدا ئۇنىڭغا: «كىشى ئۆز قولى بىلەن ئىشلەپ تاپقىنىدىن ياخشىراق غىزا يەپ باققان ئەمەس» (بۇخارى، «سودا ـ سېتىق» (بۆيۇ)، 15) دېگەن.

زاكاتنى بالاغەتكە يەتكەن، ئەقلى-ھوشى جايىدا، مال-مۈلكى بار مۇسۇلمانلار بېرىدۇ. بىر مۇسۇلمان ئۆي، بىسات، قاتناش ۋاستىسى قاتارلىق زۆرۈر ئېھتىياجلىق نەرسىلەرگە ئىگە بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە بەلگىلىك مىقداردا مىلى ياكى پۇلى بار بولسا، زاكات بېرىشى كېرەك.

زاكىتىنى بەرگۈدەك مىقداردا مالغا ئىگە بولغان مۇسۇلمانلار بىر يىل ۋاقىت ئۆتۈشى بىلەنلا زاكات بېرىشى كېرەك.

## نېمىلەرنىڭ زاكىتى بېرىلىدۇ؟

- ئالتۇن، كۈمۈش، پۇل (%2.5)
- يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى (%10)
- قوي، ئۆچكە قاتارلىق چارۋا-ماللار (تەخمىنەن %2.5)
- كالا، تۆگە قاتارلىق ماللار (تەخمىنەن %3.3)
- تىجارەت ماللىرى (%2.5)
- ئىجارە ئالغان كىرىم (%2.5)

## كىملەرگە زاكات بېرىلىدۇ؟

- زاكات ھېچقانداق مال-مۈلكى ۋە كىرىمى يوق، كۈندىلىك چىقىمى ۋە زۆرۈر ئېھتىياجلىرىنى قامدىيالمايدىغان ياكى قامداشتا قىينىلىدىغان كىشىلەرگە بېرىلىدۇ.
- كەمبەغەل، ئىشلىيەلمەيدىغان دەرىجىدە كېسەلجان، ئاجىز ۋە ياشانغان كىشىلەرگە بېرىلىدۇ.
- قەرزى مىلىدىن كۆپ بولغان، تۆلەشتە قىينىلىۋاتقان قەرزدارغا بېرىلىدۇ.
- يولدا قالغان پۇلسىز كىشىلەرگە بېرىلىدۇ.
- يېڭى مۇسۇلمان بولغان، ئۆزىنى ساۋابلىق ئىشلارغا ئاتىغانلىقى ئۈچۈن، تۇرمۇشىنى قامدىغۇدەك بىرەر ئىش قىلالمىغانلار ياكى غازىيلارغا بېرىلىدۇ.
- ئوقۇغۇچىلارغا بېرىلىدۇ.

«مۆمىن ئەرلەر، مۆمىن ئاياللار بىر-بىرى بىلەن دوستتۇر، ئۇلار (كىشىلەرنى) ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ، نامازنى (تولۇق) ئادا قىلىدۇ، زاكات بېرىدۇ، ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىدۇ، ئەنە شۇلارغا ئاللاھ رەھىم قىلىدۇ، ئاللاھ ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.»
(تەۋبە سۈرىسى 71-ئايەت)

بۇرۇنقى زاماندا ئۇرۇشتا ئەسىرگە چۈشكەن قۇللارنى ئازاتلىقتا ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن ئۇلارغا زاكات بېرىلەتتى.

زاكات ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن بېرىلىدۇ. زاكات بەرگەندە كۆز-كۆز قىلىش، رىياكارلىقتىن ئۇزاق تۇرۇش، زاكات ئالغۇچى كىشىلەرنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىگە دەخلى يەتكۈزمەسلىك كېرەك. قېيىنچىلىقى بار ئۇرۇق-تۇغقانلارغا ئاۋۋال بېرىش كېرەك.

## كىملەرگە زاكات بەرگىلى بولمايدۇ؟

مۇسۇلمان ئەمەسلەرگە، ئىقتىسادىي ئەھۋالى ياخشى بولغانلارغا، ئەر-خوتۇنلار بىر-بىرىگە، يېقىن تۇغقانلارغا (ئاتا-ئانا، بوۋا، موما، نەۋرىلەرگە) ۋە ئىشلىيەلەيدىغان تۇرۇغلۇق ھورۇنلۇق قىلىپ ئىشلىگىلى ئۇنىمايدىغانلارغا زاكات بېرىلمەيدۇ.

### سەدىقە

سەدىقە پەقەتلا ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشنى كۆزلەپ، پېقىر-يوقسۇللارغا خالىس ھالدا ياردەم ۋە ياخشىلىق قىلىشتۇر. **سەدىقە** «ساداقەت»، «سادىقلىق» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەش بىلەن بىرگە ھەر تۈرلۈك ياخشىلىق ۋە ياردەمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. سەدىقىنىڭ بىر تۈرى **پىتىر** سەدىقىسى. ھەر بىر مۇسۇلمان پىتىر بېرىشى كېرەك. بىزگە سالامەتلىك بەرگەنلىكى ئۈچۈن رەببىمىزگە شۈكۈر قىلىش مەقسىتىدە پىتىر سەدىقىسى بېرىلىدۇ. رامىزان ئېيىدا بېرىش ئەڭ مۇۋاپىق. پېقىر-يوقسۇل، موھتاجلارنىڭ ھاجىتى رامىزان مۇناسىۋىتى بىلەن راۋا قىلىنىدۇ. پىتىر بېرىشكە كۈچى يېتىدىغان ھەر مۇسۇلمان پىتىر بېرىشى كېرەك. پىتىر بېرىش ئۈچۈن مۇئەييەن مىقداردا مال-مۈلۈك يىغقان بولۇش شەرت ئەمەس. كىشىنىڭ ئۆزىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىگە ئاساسەن بىر كۈنلۈك ئورتاھال تاماق خىراجىتىگە يەتكۈدەك مىقدار بىر كىشىلىك پىتىر ھېساپلىنىپ بېرىلىدۇ. ئائىلىدە ھەممە كىشىنىڭ، ھەتتا يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقنىڭمۇ پىتىرى بېرىلىدۇ.

**«سەدىقىنى ئاشكارا بەرسەڭلار بۇ ياخشىدۇر؛ ئەگەر ئۇنى مەخپىي بەرسەڭلار ۋە يوقسۇللارغا بەرسەڭلار تېخىمۇ ياخشىدۇر. بۇ سىلەرنىڭ بەزى گۇناھلىرىڭلارغا كەففارەت بولىدۇ. ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلغان ئەمەللىرىڭلاردىن خەۋەرداردۇر.»**

(بەقەرە سۈرىسى 271-ئايەت)



«ھەقىقەتەن ئىنسانلارغا (ئىبادەت ئۈچۈن) تۇنجى سېلىنغان ئۆي (يەنى بەيتۇللا) مەككىدىدۇر، مۇبارەكتۇر، جاھان ئەھلىگە ھىدايەتتۇر. ئۇنىڭدا ئوچۇق ئالامەتلەر باركى، ماقامى ئىبراھىم شۇلارنىڭ بىرى، بەيتۇللاھقا كىرگەن ئادەم ئەمىن بولىدۇ. قادىر بولالىغان كىشىلەرنىڭ ئاللاھ ئۈچۈن كەبىنى زىيارەت قىلىشى ئۇلارغا پەرز قىلىندى. كىمكى ئىنكار قىلىدىكەن (يەنى ھەجنى تەك ئېتىدىكەن زېمىنى ئۆزىگە)، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئەھلى جاھاندىن (يەنى ئۇلارنىڭ ئىبادىتىدىن) بىھاجەتتۇر.»

(ئال ئىمران سۈرىسى 96-97-ئايەتلەر)

يەتتىنچى باب

# مۇقەددەس سەپەر: ھەج


## شەھەرلەرنىڭ ئانىسى مەككە

ئىنسانىيەت ئۈچۈن نىجاتلىق بولغان ئىسلام دۇنياغا كەلگەن تۇنجى شەھەر مەككەدۇر. بۇ شەھەر كىتابىمىز قۇرئانى كەرىمدە «شەھەرلەرنىڭ ئانىسى» دەپ ئاتالغان.

سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى مەككە شەھرى ئەتراپى چۆل بىلەن قاپلانغان بىر رايوندا بەرپا قىلىنغان شەھەردۇر. سۇ كەمچىل بولغاچقا بۇ يەردە يېزا ئىگىلىك ۋە چارۋىچىلىق تەرەققىي قىلمىغان. گەرچە تەبىئىي شارائىتى مۇشۇنداق ناچار بولسىمۇ، ئەمما مەككىنى قەدىر-قىممەتلىك قىلغىنى زادى نىمە؟

مەككىنىڭ قەدىر-قىممەتلىك بولۇشىدىكى سەۋەپ شۇكى، يەر يۈزىدىكى تۇنجى ئىبادەتخانا بولغان كەبە بۇ يەرگە جايلاشقان. ھەر يىلى نەچچە مىليون مۇسۇلمان ھەج قىلىش ئۈچۈن بۇ يەرگە كېلىدۇ. يىلنىڭ ھېچقانداق بىر كۈنى، ھېچقانداق بىر سائىتىدە مەككە ئادەمسىز بوش قالمايدۇ. ئۇلۇغۋار بىر ئارزۇ بىلەن بۇ يەرنى زىيارەت قىلغىلى كەلگەن مۆمىنلەرنى مېھمان قىلىدۇ.

مۇسۇلمانلار بۇ ماكاندا، تۇنجى ئىنسان ۋە تۇنجى پەيغەمبەر ئادەم ئەلەيھىسسالام ئىبادەت قىلغان بۇ مەسجىدتە ئاللاھقا دۇئا قىلىدۇ. بۇرۇنقى زاماندا قۇشلار ئۇچماس، كارۋان ئۆتمەس بىر قاقاس چۆللۈك بولغان بۇ يەرگە ئايالى ھاجەر بىلەن ئوغلى ئىسمائىلنى يەرلەشتۈرگەن ۋە كېيىن كەبىنى بىنا قىلغان ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى ئەسلەيدۇ. ئالەملەرگە رەھمەت قىلىپ ئەۋەتىلگەن سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئەسلەيدۇ. ئىلاھىي ئۇچۇر تەۋھىدنىڭ تۇنجى پەيغەمبەردىن باشلاپ، ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەرگىچە بۇ يەردە يىلتىز تارتىپ ياشارغانلىقىغا شاھىت بولىدۇ. پۈتكۈل مۆمىنلەرنىڭ ئىزلىرى قالىدۇ بۇيەرلەردە.



## ئەركىنلىك ۋە خاتىرجەملىك ئۆيى: كەبە

يەر يۈزىدە بىنا قىلىنغان تۇنجى ئىبادەتخانا كەبەدۇر. «كۇب، كۇب شەكىللىك قۇرۇلۇش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان بۇ ماكان، ئىسمىدىن مەلۇم بولغىنىدەك، تۆت تامدىن ھاسىل قىلىنغان ئىنتايىن ئاددى-ساددا ۋە ھەشەمەتتىن خالىي ئۇسلۇبقا ئىگە.

بۇ يەر كەبە دەپ ئاتالغىنىدەك، يەنە ئىنسانلارنى تەۋھىد ئېتىقادىدىن باشقا بارلىق ماددىي ۋە مەنىۋىي ئارغامچىلاردىن قۇتۇلدۇرۇشنى مەقسەت قىلغانلىقى ئۈچۈن «ئەركىنلىك ئۆيى» (بەيتۇل ئاتىك) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. يەنە «بەيتۇل ھەرەم» دېگەن ئىسمىمۇ بار، يەنى خاتىرجەملىك يېرى، بىخەتەر رايون، ئىشەنچلىك يەر، ... ئاللاھنىڭ ئۆيى دېگەن مەنىلەردە.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىن باشلاپلا كەبىنىڭ ئىبادەت قىلىنىدىغان مۇقەددەس ماكان ئىكەنلىكىنى ئىنسانلار بىلگەن بولۇپ، كەبىنى تاۋاپ قىلىش، ھەج قىلىش ئادىتى داۋاملىشىۋاتقان ئىدى. كەبىنى قوغداش، ھاجىلارغا خىزمەت قىلىش ماختىلىدىغان شەرەپلىك خىزمەت ھېسابلىناتتى. لېكىن ۋاقىت ئۆتكەنسىرى دىنىنىڭ ئەسلى ھالىتى بۇزۇلۇپ كەتتى، خاتا ئەقىدىلەر كۆپەيدى. نەتىجىدە كەبىگە بۇت ۋە ھەيكەللەر قويۇلدى.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مەككىنى فەتھى قىلغاندا كەبىدىكى بۇتلارنى تازىلىدى. پەقەت بۇنىڭ بىلەنلا قالمىدى، بۇ مۇقەددەس ماكان ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىنى «ھەرەم» دەپ ئېلان قىلدى. بۇنىڭ بىلەن كەبە پۈتۈن مەنىسى بىلەن ھەرەم، يەنى ھەر قانداق ھارام ئىش بۇ يەردە قەتئىي مەنئى قىلىنىدىغان، بىخەتەر، خاتىرجەم جايغا ئايلاندى. ھايات مۇقەددەس بولدى، ئىنسانلار، ھايۋانلار ۋە ئۆسۈملۈكلەر مۇھاپىزەت ئاستىغا ئېلىنىدى.

«ھەرەم» (چېقىلىش ھارام قىلىنغان) دېگەن بۇ ئاڭ-تۇيغۇ بۇ ماكاندىكى جىمى تاغۇ-تاشلار، جانلىق، جانسىز بارچە مەخلۇقاتلارغا بولغان كۆز قارىشىمىزنى ئۆزگەرتتى. كىچىكىنە بىر

چىچەك، كىچىككىنە بىر قۇرت-قوڭغۇزنىڭ ھاياتى كاپالەتكە ئىگە قىلىنىدى، قوغدىلىدىغان بولدى. تىلنىڭ چىرايلىق گەپتىن باشقا سەت گەپ قىلىشى مەنئى قىلىنىدى.

كەبە دۇنيادىكى بارلىق جامە ۋە مەسجىدلەرنىڭ ئانىسىدۇر. جامەلىرىمىزنىڭ قىبلىسى كەبىگە قارايدۇ. نامىزىمىزنى كەبىگە قاراپ ئوقۇيمىز. بەدىنىمىز ۋە قەلبىمىزدە ئاللاھنىڭ ئۆيىگە يۆنىلىمىز.

## ئىبادەت ئېڭى ۋە ھەج

«ھەج» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى «يۆنەلمەك، مەقسەت قىلىش» دېگەننى بىلدۈرىدۇ. قۇرئانى-كەرىمدە «ئاللاھنىڭ ئىشارىتى» (ئاللاھنىڭ سىمۋوللىرى)دىن تەركىپ تاپقان بىر ئىبادەت دەپ تەرىپلەنگەن. كەبىنى تاۋاپ قىلىش، ئەرافاتتا ۋەقفىدە تۇرۇش، شەيتانغا تاش ئېتىش، سەفا بىلەن مەرۋە ئارىسىدا سەئيى قىلىش ئەسلىدە چوڭقۇر مەنىسى بار سىمۋوللاردۇر.

ھەج كۈچى يېتىدىغان ھەر بىر مۇسۇلمانغا پەرز بولغان، يەنى چوقۇم ئادا قىلىشى كېرەك بولغان بىر ئىبادەتتۇر. ھەج بىر مۇسۇلماننىڭ پاكلىنىش، يەنى ياخشى ۋە مۇكەممەل بىر ئىنسان بولۇشى ئۈچۈن قىلغان نۇرغۇن ئىبادىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مال ۋە بەدەننى پاكلايدۇ. ئىمان ئېيتقان نۇرغۇن مۇسۇلمانلار بىلەن بىرلىكتە ئىبادەت قىلىش ئارقىلىق قەلبلەرنىڭ پاكلىنىشىغا ۋاستىچى بولىدۇ. تاۋاپتا مۇسۇلمانلار گويا بىر ئېقىن سۇنى شەكىللەندۈرگەن سۇ تامچىلىرى كەبى بىر-بىرىگە قوشۇلۇپ كېتىدۇ. دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن خىلمۇ-خىل مىللەت، ئىرق، ھەر خىل تىلدا سۆزلىشىدىغان، ئۆرپ-ئادەتلىرى ھەر خىل، ئەمما لېكىن پەقەتلا ئوخشاش بىر دىنغا ئىشىنىدىغان مۇسۇلمانلار ئاللاھنىڭ ئۆيىدە بىر يەرگە جەم بولۇپ، ئۆز ئارا تونۇشىدۇ، «پۈتكۈل ئىنسانلار قېرىنداشتۇر» پرىنسىپىنى چوڭقۇر ھېس قىلىشىدۇ.

ھەج ئالەمشۇمۇل ئۇچرىشىشتۇر. يەر شارىدىكى ھەر قايسى قىتئەلەردىن ئوخشاش بىر يەرگە، ئوخشاش بىر ئۇچرىشىش نوقتىسىغا قاراپ ئاقىدىغان مۆمىنلەر ئارىسىدىكى پەرقلەر يوق

«ھەقىقەتەن ئىنسانلارغا (ئىبادەت ئۈچۈن) تۇنجى سېلىنغان ئۆي (يەنى بەيتۇللا) مەككىدىدۇر، مۇبارەكتۇر، جاھان ئەھلىگە ھىدايەتتۇر. ئۇنىڭدا ئوچۇق ئالامەتلەر باركى، ماقامى ئىبراھىم شۇلارنىڭ بىرى، بەيتۇللاھقا كىرگەن ئادەم ئەمىن بولىدۇ. قادىر بولالىغان كىشىلەرنىڭ ئاللاھ ئۈچۈن كەبىنى زىيارەت قىلىش ئۇلارغا پەرز قىلىندى. كىمكى ئىنكار قىلىدىكەن (يەنى ھەجنى تەك ئېتىدىكەن زىيىنى ئۆزىگە)، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئەھلى جاھاندىن (يەنى ئۇلارنىڭ ئىبادىتىدىن) بىھاجەتتۇر.»

(ئال ئىمران سۈرىسى 96-97-ئايەتلەر)

بولىدىغان، تەۋھىد ئېتىقادى جانلىنىدىغان يەر، ھەممەيلەن باپ-باراۋەر بولىدىغان يەر، ئاللاھنىڭ ئۆيى بۇ يەر.

ياشاشنىڭ، بار بولۇشنىڭ ئاللاھنى بىلىش ۋە ئۇنىڭغا ياخشى بىر بەندە بولۇش بىلەن ئەھمىيەتلىك، مەنىلىك بولىدىغانلىقى بىلىنىدىغان، بەندىنىڭ ياراتقۇچىسىغا يېقىنلىشىدىغان يېرىدۇر كەبە.

## ھەج ئىبادىتى باشلاندى

تېنى سالامەت بولغان، ھەج قىلىشقا كۈچى يېتىدىغان بارلىق مۇسۇلمانلار ئۆمرىدە بىر قېتىم بولسۇن ھەج قىلىشى كېرەك.

ھىجرىيە كالىندارى بويىچە زىلھەججە ئېيىدا ھەج قىلىنىدۇ. ھەج قىلىشنى قارار قىلىپ، تەييارلىق قىلغان مۇسۇلمان ئاۋۋال نىيەت قىلىدۇ. بۇ مۇقەددەس سەپەرگە چىقىشتىن ئىلگىرى يېقىنلىرى بىلەن رازىلىشىدۇ. چۈنكى ھەج قىلىشنىڭ مەقستى تىلىدا، دىلىدا، ئۆمرىدە قىلغان بارلىق گۇناھلاردىن پاكلىنىشتۇر. شۇڭا، ھەج قىلماقچى بولغان بىر مۇسۇلمان ئۆزى ئىلگىرى رەنجىتىپ قويغان كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشى، چوڭلارنىڭ دۇئاسىنى ئېلىشى، قېيدىشىپ قالغانلار بىلەن ئىتتىپاقلاشقاندىن يولغا چىقىشى كېرەك. مۇشۇنداق قىلىش ھەج مەقستىگە ئۇيغۇن ئىش بولىدۇ.

بۇ نىيەت بىلەن يولغا چىققان مۆمىنلەر مۇقەددەس يەرلەرگە يېقىنلاشقاندا مەلۇم يەرلەردە (مىقاتتا) ئېھرامغا كىرىدۇ. بۇ پەرزدۇر. ھەر قايسى دۆلەتلەردىن كەلگەن ھەر مىللەت، ھەر ئىرق، ھەر خىل تىللىق، ئۆرپ-ئادىتى پەرقلىق مۇسۇلمانلار ئوخشاش كىيىنىپ، ئاللاھنىڭ ئالدىدا باراۋەر بولىدۇ. ھەممەيلەننىڭ كىيگىنى بىر-بىرىگە ئوخشايدىغان ئىككى پارچە ئاق رەختتۇر. ئالدى بىلەن پەرق يوقىلىدۇ. يۇقىرى تۆۋەنلىك ھېس قىلدۇرىدىغان بارلىق سەۋەپلەر تاشلىۋېتىلىدۇ. بۇ چېگرىدىن ئېھرامسىز ئۆتكىلى بولمايدۇ.

دۇئا قىلغاچ ئېھرامغا كىرىمىز. ھەممەيلەن بىرلىكتە تەلبىيە ئېيتىمىز:



«رەببىم! ماڭا بىر ياخشى پەرزەنت ئاتا قىلغىن. بىز ئىبراھىمغا ناھايىتى مۇلايىم بىر ئوغۇل بىلەن خۇش خەۋەر بەردۇق. ئۇ ئىبراھىمنىڭ ئىش ـ كۈشلىرىگە يارىغۇچەك بولغان چاغدا، ئىبراھىم: «ئى ئوغلۇم! مەن سېنى بوغۇزلاپ قۇربانلىق قىلىشقا (ئەمر قىلىنىپ) چۈشەپتىمەن (پەيغەمبەرلەرنىڭ چۈشى ھەقىقەتتۇر ۋە ئۇلارنىڭ ئىشلىرى ئاللاھنىڭ ئەمرى بويىچە بولىدۇ)، ئويلاپ باققىنا! سېنىڭ قانداق پىكرىڭ بار؟» دېدى. ئۇ ئېيتتى: «ئى ئاتا! نېمىگە بۇيرۇلغان بولساڭ، شۇنى ئىجرا قىلغىن، خۇدا خالىسا (ئۇنىڭغا) مېنى سەۋر قىلغۇچى تاپىسەن.» ئىككىسى (ئاللاھنىڭ ئەمرىگە) بويسۇندى، ئىبراھىم ئۇنى (بوغۇزلاش ئۈچۈن) يېنى ياتقۇزدى. بىز ئۇنىڭغا: «ئى ئىبراھىم! (ھېلىقى) چۈشنى ئىشقا ئاشۇردۇڭ (يەنى چۈشۈڭدە بۇيرۇلغاننى بەجا كەلتۈردۈڭ)» دەپ نىدا قىلدۇق. بىز ھەقىقەتەن ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنى مۇشۇنداق مۇكاپاتلايمىز. بۇ ھەقىقەتەن روشەن سىناقتۇر. بىز ئۇنىڭ ئورنىغا چوڭ بىر قۇربانلىقنى (يەنى جەننەتتىن چىققان قوچقارنى) بەردۇق. كېيىنكىلەر ئىچىدە ئۇنىڭغا ياخشى نام قالدۇردۇق. ئىبراھىمغا سالام بولسۇن.»

(ساففات سۈرىسى 100 ـ 109 ـ ئايەتلەر)

«لەببەيك ئاللاھۇممە لەببەيك! لەببەيكە لا شەرىكە لەكە لەببەيك! ئىننەل ھەمدە ۋەن ـ نىئمەتە لەكە ۋەل ـ مۇلك، لا شەرىكە لەك.»

مەنىسى: «لەببەي (مەن كەلدىم، بۇيرىغىن) ئاللاھىم لەببەي! لەببەي، سېنىڭ ھېچقانداق شېرىكىڭ يوقتۇر، لەببەي! سېنىڭ ئەمرىڭگە ئىتائەت قىلىشقا تەييارمەن. جىمى ھەمدۇسانا، ماختاش، مەدھىيە ساڭا ئائىتتۇر. بارلىق نېمەتلەرنى سەن بەردىڭ. مۈلۈك سېنىڭ، سېنىڭ شېرىكىڭ يوقتۇر.»

بۇ دۇئا ئاللاھنىڭ تەۋھىد چاقىرىقىغا بەندىلەرنىڭ ئاۋاز قوشقىنىنى بىلدۈرىدۇ. مۆمىنلەر: «بىز كەلدۇق، قەبىھ، ناچار ئىدىيەلەردىن، ياخشى كۆرۈلمەيدىغان خۇيلاردىن ۋە بارلىق گۇناھلاردىن پاكلانغىلى كەلدۇق. ھەممىمىز ئەخلاقىي ـ پەزىلەتلىك، ياخشى مۆمىنلەردىن بولۇشنى نىيەت قىلدۇق. دۈشمەنلىك، ئۆچمەنلىك، ئاداۋەت، غەزەپ ـ نەپرەتنى يىراققا تاشلىۋەتتۇق، ئىتتىپاق ـ ئىناق قېرىنداش بولغىلى كەلدۇق» دەيدۇ.

## مۇقەددەس ئۇچرىشىش: ئەرافات

زىلھەججە ئېيىنىڭ 8 ـ كۈنى ئاخشىمى نەچچە مىڭ مۇسۇلمان مۇقەددەس ئۇچرىشىش ئۈچۈن ئەرافاتقا قاراپ يولغا چىقىدۇ.

**ئەرافات** كەلىمىسى «تونۇماق، بىلمەك» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. مۇسۇلمانلار تارىختا بۇ يەردە «تۇنجى» يۈز بەرگەن نۇرغۇن ئىشلارنى بىلىدۇ، ئاتا ـ بوۋىلىرىنى تونۇيدۇ.

بۇ يەر ئىنسانلار «تۇنجى» قېتىم ئۇچراشقان جايدۇر. ئىنسانلارنىڭ ئاتىسى ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ھاۋۋا ئانىمىز جەننەتتىن يەر يۈزىگە كەلگەندە بىر ـ بىرىنى يوقىتىپ قويغان. ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن ئەرافات تېغىدا ئۇچراشقان. شۇنىڭدەك، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن مۇسۇلمانلارمۇ تۇنجى ئاتىسى بىلەن بۇ يەردە ئۇچرىشىدۇ. ئەسلىدە بۇ يەرگە يىغىلغان نەچچە مىڭ مۇسۇلمان بىر ـ بىرى بىلەن تۇنجى ئۇچرىشىدۇ.

«پەرۋەردىگارىمىز! ئەۋلادىمنىڭ بىر قىسمىنى (يەنى بالام ئىسمائىل بىلەن ئانىسى ھاجەرنى) ناماز ئوقۇشۇن (يەنى ساڭا ئىبادەت قىلسۇن دەپ) سېنىڭ ھۆرمەتلىك ئۆيۈڭنىڭ قېشىدىكى ئېكىنسىز بىر ۋادىغا (يەنى مەككىگە) ئورۇنلاشتۇردۇم، پەرۋەردىگارىمىز! بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ دىللىرىنى ئۇلارغا مايىل قىلغىن، ئۇلارنى شۈكۈر قىلسۇن دەپ تۈرلۈك مېۋىلەرنى ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگىن.»

(ئىبراھىم سۈرىسى 37 ـ ئايەت)

ئەرافاتتا مۆمىنلەر ئوخشاش تۇرۇشتا (ۋەقفەدە)، ئوخشاش دۇئادا بىر-بىرى بىلەن ئۇچرىشىدۇ. دۇئالار سەھەردىن ئاخشامغىچە داۋاملىشىدۇ. كۆز ياشلىرى بىلەن گۇناھلار يۇيۇلىدۇ، مەغفىرەت قىلىنىدۇ، دىل يورۇيدۇ.

تىل ئىختىيارسىز ھالدا پەقەت ئۆزى ئۈچۈنلا ئەمەس، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۈممىتى ئۈچۈن، پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئۈچۈن تىلەيدۇ، بۇ يەردە قىلىنغان دۇئا رەت قىلىنمايدۇ.

بۇ يەر سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنىڭ پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ئاخىرقى قېتىم خىتاب قىلىشى بولغان «ۋىدا خۇتبىسى» ئوقۇلغان جايدۇر.

پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئىنسانلارغا قىلغان نەسىھەتلىرىنى گويا ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىغاندەك ھېس قىلغان مۆمىنلەر بۇ يەردىن قوزغىلىپ **مۇزدەلىفە**گە قاراپ ماڭىدۇ.

مۇزدەلىفە ئىنسانلار ئۆزىنى ئۆزى ھېسابقا تارتىدىغان يەردۇر. بىلىپ بىلمەي قىلىپ سالغان سۆز-ھەرىكەتلىرى سوراققا تارتىلىدۇ. مەن كىم؟ نېمىشقا يارىتىلدىم؟ مۇكەممەل يارىتىلغان بۇ كائىناتتا ياشاشنىڭ مەنىسى نېمە؟ دېگەندەك نۇرغۇن سوئاللار بىلەن ئۆزلۈكىنى ئىزدەيدۇ. مۇسۇلمانلار قىلغان ئەتكەنلىرىنى، ئۆمرىنى كۆزدىن كەچۈرىدۇ. خاتالىقنى تونۇپ يېتىدۇ، تۈزىتىشكە تېگىشلىك ئىشلىرىنى، نىشان غايىلىرىنى بەلگىلەيدۇ. چۈنكى ئەتىسى كۈنى شەيتانغا تاش ئېتىش كۈنىدۇر. بۇ كېچە قەتئىي بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋشكە بولمايدىغان قىممەتلىك كېچىدۇر. دۇئا بىلەن ئاللاھتىن ياردەم تىلەيدۇ. ئەتىسى تاش ئېتىلىدىغان سىمۋوللۇق شەيتانلار ئۈچۈن تاش يىغىدۇ.

## شەيتانلارغا تاش ئات!

ئۆزىدىكى ۋە پۈتۈن يەر يۈزىدىكى قەبىھ، ناچار قىلمىش، ئەسكىلىك ۋە خاتالىقلارنى يوق قىلىشقا نىيەتلەنگەن نەچچە مىڭ مۇسۇلمان **مىنا**غا قاراپ يولغا چىقىدۇ.

بۇ يەرگە 3 تاش تىكلەنگەن بولۇپ، سىمۋوللۇق ھالدا ئۈچ شەيتانغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. شەخسىيەتچىلىك، مەنمەنچىلىك،

تويماس نەپس، ھەددىدىن زىيادە ئاچكۆزلۈك ۋە پۇتكۇل ئەسكىلىكلەرگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. چۈنكى شەيتان ئاللاھ ياخشى كۆرمەيدىغان ھەر خىل ئىدىيە ۋە سۆز-ھەرىكەتنىڭ ئىلھام مەنبەسىدۇر. قەبىھ، ناچار بولغان ھەر تۈرلۈك ۋەسۋەسىنىڭ ئىسمىدۇر. ئاللاھ بىلەن ھەققەت ئارىسىدىكى توسقۇنلۇقلارنىڭ ھەممىسىدە ئۇ باردۇر. چىدىماسلىق، ھەسەتخورلۇق، نەپسانىيەتچىلىك، رەھىمسىزلىكنىڭ مەنبەسى شەيتانىي ۋەسۋەسىدۇر.

تىلىمىز ئاللاھۇ ئەكبەر «ئاللاھ ئەڭ ئۇلۇغدۇر» دەيدۇ، قولىمىز تاش ئاتىدۇ. بىر، ئىككى، ئۈچ... يەتمىش تاشنى تۆت كۈن ئىچىدە كېلىپ مەلۇم ۋاقىتلاردا بۇ ئۈچ شەيتانغا ئاتىمىز. ئەسكىلىك ۋە قاراڭغۇ-زۇلمەتنىڭ مەنبەسى شەيتان كۈچىدىن كەتسۇن ،ئاجىزلاشسۇن دەپ كەينى-كەينىدىن تاش ئاتىمىز.

## چوڭ ئىمتىھان

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ئايالى ياشىنىپ قالغان بولۇپ، پەرزەنتى يوق ئىدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۆزىدىن كېيىن قەۋمى ئىچىدە دىن تەبلىغ قىلىدىغان بىر ئەۋلادىنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى ئويلاپ كۆڭلى يېرىم ئىدى. رەببىگە دۇئا قىلاتتى بىر پەرزەنتىم بولسۇن دەپ.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ھېچ ئۈمىدسىزلەنمەي چىن دىلىدىن دۇئا قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇلۇغ ئاللاھ ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدى. قېرىغان چېغىدا ئۇنىڭغا ئىسمائىل ئىسىملىك بىر ئوغۇل بەردى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى چۈشىدە ئوغلى ئىسمائىلنى قۇربانلىق قىلغانلىقىنى كۆردى. بۇ چۈشنى قايتا-قايتا بىر قانچە كۈن كۆرىۋەرگەندىن كېيىن ئوغلى ئىسمائىلغا ئېيتماقچى بولدى. ئىسمائىل ئاللاھنى ياخشى كۆرىدىغان، كۆپ ئىبادەت قىلىدىغان ئىخلاسمەن بالا ئىدى. بۇ چۈشنى ئاللاھنىڭ ئەمرى دەپ بىلىپ دادىسىغا: «جېنىم دادا، ئاللاھ ساڭا بۇيرىغاننى بىجا كەلتۈرگىن. ئىنشائاللاھ، مەن سەۋر قىلىمەن» دېدى. ئىككەيلەن بۇ چۈشنىڭ ئاللاھنىڭ بىر بۇيرۇقى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، دەرھال بويسۇنغان ئىدى.

«كىمكى ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ھەج قىلسا، ناچار سۆز، قەبىھ ئىش-ھەرىكەتتىن، ئاللاھقا قارشى چىقىشتىن يىراق تۇرسا، ھەجدىن قايتقىنىدا ئانىسىدىن يېڭى تۇغۇلغان چاغدىكىدەك (گۇناھتىن پاك) بولىدۇ.»

(بۇخارى، «ھەج»، 4)



ئەتىسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوغلىنى قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن بىر تاشنىڭ ئۈستىدە ياتقۇزدى. رەببىنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن دۇنيادىكى ئەڭ قىممەتلىك بايلىقى بولغان سۆيۈملۈك ئوغلىنى قۇربانلىق قىلماقچى ئىدى. بۇ ھەقىقەتەن قىيىن، مۇشكۇل ئىمتىھان ئىدى. شۈبھىسىزكى، ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھ ھەممىنى ئەڭ ياخشى بىلگۈچى، ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىباندۇر. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام پىچاقنى جىگەر پارىسى ئوغلىنىڭ كانىيىغا سۈرۈۋاتقان دەل شۇ پەيتتە ئاللاھنىڭ خۇشخەۋىرى كەلدى. ۋەھيى پەرىشتىسى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام بىر قوچقار ئېلىپ كەلدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھ ئۈچۈن بۇ قوچقارنى قۇربانلىق قىلىشنىڭ كۇپايە ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلۇغ رەببىمىزگە چىن قەلبىدىن تەسلىم بولۇشى، ئىمانى ئاللاھنى رازى قىلغان ئىدى.

«بىز ساڭا ھەقىقەتەن نۇرغۇن ياخشىلىقلارنى ئاتا قىلدۇق. پەرۋەردىگارىڭ ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن ۋە قۇربانلىق قىلغىن، ھەقىقەتەن سېنىڭ دۈشمىنىڭنىڭ نام ـ نىشانى قالمايدۇ.»

(كەۋسەر سۈرىسى 1 ـ 3 ـ ئايەتلەر)

## قۇربان ھېيت

شەيتانلار يۇقتىلغان، ۋەسۋەسە ۋە ئەسكىلىكنىڭ مەنبەسى يوق قىلىنغاندىن كېيىن شۈكۈر قىلىش ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىمىز.

بۈگۈن ھېيت. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىتائىتىنىڭ ھەدىيەسى، ئىسمائىلنىڭ ھېيتى بۈگۈن. رەببىنىڭ بۇيرۇقلىرىغا بويسۇنۇشتا ھېچبىر باھانە ـ سەۋەپ ئىزدەپ ئولتۇرمايدىغان، ئاللاھقا تولۇق تەسلىم بولغان يۈرەكلەرنىڭ بايرىمى. پاكىزلانغان، پاكلانغان مۆمىنلەرنىڭ ھاجىلارنىڭ بايرىمى.

قۇربانلىق قىلىنغان ماللارنىڭ گۆشى يوقسۇللارغا بېرىلىدۇ. دۇنيانىڭ ھەر قايسى يەرلىرىدە ياشايدىغان مۇسۇلمانلارغا ئەۋەتىلىدۇ. چۈنكى ھېيت شۈكۈر قىلىش، رەببىمىزگە تەشەككۈر ئېيتىش، مەغفىرەت قىلىنىش ئۈچۈن ئىبادەت قىلىشتۇر.

## تاۋاپقا يۈگۈر

قۇربانلىق قىلىپ بولغان مۇسۇلمانلار ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ ئۆيىنى، يەنى بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن ئالدىراپ ماڭىدۇ.

ئالدى بىلەن ھەجەرۇل-ئەسۋەدكە سالام بېرىمىز. جەننەتنى ئەسلىتىدىغان، جەننەتتىن كەلگەنلىكىگە ئىشىنىلىدىغان بۇ تاش تاۋاپنىڭ باشلىنىش يېرىدۇر. قولنى ئېگىز كۆتىرىپ، بۇ تاش تەرەپكە قاراپ سالام بېرىمىز، گوياكى قول سىقىشتۇق، كېلىشىم ئىمزالاندى. ئاندىن كەبە ئەتراپىدا ئايلىنىش باشلىنىدۇ. يەتتە قېتىم ئايلىنىش بىر تاۋاپ ھېساپلىنىدۇ. يۈزىمىز ۋە كۆزىمىز بىرلا نوقتىغا تىكىلگەن. قۇرئانى-كەرىم ئايەتلىرى تىلىمىزدا دۇئا بولدى. قەلبىمىز يۇرۇيدۇ، مۆمىن يۈرەكلەر گۇناھتىن پاكىزلىنىپ، ھۇزۇرغا، خاتىرجەملىك ۋە خۇشاللىققا ئېرىشىدۇ.

بۇ قاقاس چۆلدە تۇنجى ئىبادەتخانىنى قايتا بىنا قىلغان ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىش-ئىزلىرى نامايەن بولىدۇ كۆڭۈللەردە.

تاۋاپ ئاخىرلاشقاندىن كېيىن شۈكۈر قىلىش ئۈچۈن ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ سەجدە قىلىمىز.

## سەفا بىلەن مەرۋە ئارىسىدا

تاۋاپ تاماملانغاندىن كېيىن، يەنە بىر ۋەزىپىسى قالدى مۇسۇلمانلارنىڭ. ئەسلىدە بۇنى ۋاپادارلىق قەرزىنى ئادا قىلىش دېيىشكىمۇ بولىدۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام قۇش ئۇچمايدىغان، كارۋان ئۆتمەيدىغان بۇ ئادىمىزاتسىز چۆلدە قويۇپ قۇيغان ئايالى ھاجەر ئانىمىز بىلەن بوۋاق ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنى ئەسلەش قەرزى...

- بىزنى بۇ ئادىمىزاتسىز چۆلدە كىمگە تاشلاپ قويىسەن ئەي ئىبراھىم؟ - دېگەنتى ھاجەر.

- سىلەرنى ئاللاھقا ئامانەت قىلىمەن. - دەپ جاۋاب بەرگەن ئىدى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام.

- بۇنداق قىلىشنى ساڭا ئاللاھ بۇيرىدىمۇ؟ - دەپ سورىماي تۇرالمىغان ئىدى ھاجەر.

- ھەئە، شۇنداق! ھاجەر!- دېگەن سۆزنى ئاڭلاش بىلەنلا ھاجەر ئانىمىز ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاش ئاللاھقا تەسلىم بولغان ئىدى.

- ئۇنداق بولسا، ئەمدى كەتكىن ئىبراھىم. ئاللاھ مۆمىنلەرگە كۇپايە. ئۇ ئەڭ ياخشى ساقلىغۇچىدۇر. - دېگەن ئىدى قىلچە تەرەددۇت قىلماي.

ئايالى ۋە كىچىك ئوغلىنى بۇ يەرگە ئەكىلىپ قويۇپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەمرى بويىچە پەلەستىنگە قايتىپ كەتتى. ھاجەرنىڭ يېنىدىكى ئۇزۇق-تۈلۈك بىلەن سۇ تۈگەپ كەتتى. يەيدىغان ئىچىدىغان نەرسە يوق، ھاجەر سۇ ئىزدەشنىڭ كويىغا كىردى. ئۇخلاۋاتقان بالىسىنى سايە بىر يەرگە ياتقۇزۇپ قويۇپ، سۇ تېپىش ئۈچۈن ئەتراپنى ياخشى كۆرگىلى بولىدىغان بىر چوققىغا (كىچىك ئېگىزلىك)كە قاراپ يۈگۈردى. بۇ يەر سەفا ئېگىزلىكى ئىدى. بۇ يەردە بىر نەرسە كۆرۈنمىدى. يېقىندىكى باشقا بىر ئېگىزلىك بولغان مەرۋە ئېگىزلىكىگە قاراپ يۈگۈردى. بۇ چاغدا ئۇيقىدىن ئويغىنىپ يىغلاۋاتقان ئىسمائىلنىڭ ئاۋازى كىردى قۇلىقىغا. تېخىمۇ تېز يۈگرەشكە باشلىدى. ئىككى ئېگىزلىك ئارىسىدا يۈگرەپ يەتتە قېتىم بېرىپ كەلدى، سۇ تاپالمىغان بولسىمۇ قەتئىي ئۈمىدسىزلەنمىدى، ئىشەنچىنى يوقىتىپ قويمىدى. بىر تەرەپتىن دۇئا قىلىۋاتاتتى. ھېرىپ كەتكۈچە سۇ ئىزدىدى. ئاندىن يالغۇز قالغان بالىسىدىن ئەنسىرەپ، قايتىپ كەلدى.

پاھ، نېمە بۇ؟! كۆزىگە ئىشەنمەيلا قالدى. كۆرۈۋاتقىنىم چۈش ياكى خىيال دەپ ئويلىدى، ئەمما بۇ راست، ئىسمائىلنىڭ ئايىغى ئاستىدىن بىر بۇلاق سۈيى ئېقىپ چىقىۋاتاتتى. ھەيرانلىقتا نېمە قىلىشنى بىلەلمەي بىردەم تۇرۇپ قالدى، يۈگۈردى. بۇ چۆلنىڭ پىژغىرىم ئىسسىقىدا سۇنىڭ ئېقىپ، پارغا ئايلىنىپ تۈگەپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنىڭ ئەتراپىغا قوم دۆۋىلەپ توسۇشقا باشلىدى، «تۇر، توختا (بىكارغا ئېقىپ كەتمە!)» دەيتتى سۇغا قاراپ. ئۇ كۈندىن باشلاپ بۇ بۇلاق سۈيىنىڭ ئىسمى «تۇر، تۇختا» مەنىسىدە زەمزەم دەپ ئاتالدى، پەقەت تۈگىمىدى، قۇرۇمىدى.

«كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا (ئۇلارنى) ھەجگە چاقىرىپ نىدا قىلغىن، ئۇلار پىيادە ۋە ئورۇق تۆگىلەرگە مىنىپ كېلىدۇ، ئورۇق تۆگىلەر يىراق يوللارنى بېسىپ كېلىدۇ. كىشىلەر ئۆزلىرىگە تېگىشلىك بولغان (دىنى ۋە دۇنياۋى) مەنپەئەتلەرنى كۆرسۇن، بەلگىلەنگەن كۈنلەردە (يەنى قۇربانلىق كۈنلىرىدە) ئاللاھ ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگەن چارۋا - ماللارنى (يەنى تۆگە، قوي، ئۆچكىلەرنى ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىش يۈزىسىدىن) ئاللاھنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ قۇربانلىق قىلسۇن». سىلەر قۇربانلىقلارنىڭ گۆشىدىن يەڭلار، موھتاجغا، پېقىرغا بېرىڭلار. ئاندىن ئۇلار كىرلىرىنى تازىلىسۇن (يەنى ئېھرامدىن چىققاندىن كېيىن چاچلىرىنى، تىرناقلىرىنى ئالسۇن)، ئۆز ئۈستىگە ئالغان ئىبادەتلىرىنى ئادا قىلسۇن، قەدىمىي بەيت (يەنى بەيتۇللا)نى تاۋاپ قىلسۇن.» (ھەج سۈرىسى 27 - 29 - ئايەتلەر)

بۇ سەفا بىلەن مەرۋە بىزگە ھاجەر ئانىمىز بىلەن ئىسمائىلنىڭ بۇ ئادىمىزاتسىز چۆلدە ياشاش ئۈچۈن تىرىشچانلىقىنى ئەسلىتىدۇ.

سۇ ئابى ھاياتتۇر. زەمزەم چىقىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا بۇ يەرگە نۇرغۇن قەبىلە كېلىپ يەرلەشتى. كارۋانلار توختىماستىن كېلىپ-كېتىپ تۇرىدىغان بولدى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا كەبىگە قايتىپ كەلگەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرلىكتە كەبىنى قايتا بىنا قىلدى.

مۇسۇلمانلارنىڭ كۆڭلىدىكى كەبە مۇھەببىتى مۇشۇنداق باشلاندى. ئالەملەرگە رەھمەت قىلىپ ئەۋەتىلگەن پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد مۇستاپا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇشۇ يەردە دۇنياغا كەلدى. ئەڭ ئاخىرقى ھەق دىن بۇ يەردە ياشاردى. بۇ مۇقەددەس ماكان مۇسۇلمانلارنىڭ تارىخى بىلەن، كىملىكى بىلەن ۋە باشقا قېرىنداشلىرى بىلەن ئۈچرىشىدىغان، يىغىلىشىدىغان ماكانىغا ئايلاندى.

## سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنى زىيارەت

ھەج ئىبادىتىنى تاماملىغان مۇسۇلمانلار سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن مەدىنىگە كېلىدۇ. كەبىدە دۇنياغا كېلىپ، شۇ يەردە ياشاپ چوڭ بولغان تۇرۇغلۇق، ئىسلامىيەتنى ئىنسانلارغا تەبلىغ قىلىش يولىدا ئېغىر قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرىغان ۋە مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشقا مەجبۇر بولغان پەيغەمبىرىمىزنىڭ قەۋرىسىنى كۆرگىلى كېلىدۇ.

ئىسلام ياشارغان بۇ تۇپراقلارنى، بەدىر، ئوھود ۋە خەندەك ئۇرۇشى بولغان يەرلەرنى، سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېقىنلىرى، دوستلىرى دەپنە قىلىنغان جەننەتۇل-باقى مازارلىقىنى، تۇنجى قېتىم جۈمە نامىزى ئوقۇلغان قۇبا مەسجىدىنى زىيارەت قىلىدۇ. پەيغەمبىرىمىزنىڭ قەۋرىسىنى زىيارەت قىلغاچ مەسجىدى نەبەۋىدە ناماز ئوقۇيدۇ.

مۇھەببەت ۋە مىننەتدارلىقىنى يوللايدۇ ئالەملەرنىڭ خوجىسىغا.

كەبىنىڭ ۋە پەيغەمبەر مەسجىدىنىڭ ئىشىكلىرى ئۇچۇقتۇر ئىنسانلارغا.

بىر ئىشقى-مۇھەببەتتۇر بۇ، ئىنساننىڭ ھەقىقىتىگە تويۇلغان بىر ئىشىق.

ئوقۇيلى

# ئەبرەھەنىڭ فىللىرى

«نېمە باركىن بۇ مەككىدە؟ ئەرەپلەرنىڭ ھەممىسى بۇ يەرگە يۈگرەيدۇ تاۋاپ قىلىمىز دەپ. تىجارەت، سودا ـ سېتىق ھەممىسى شۇ يەردە. ھايات شۇ يەردە.... سەندە زادى نېمە بار ئەي كەبە؟!» دەيتتى ئەبرەھە.

ئەبرەھە يەمەنىنىڭ ھۆكۈمدارى ئىدى. مەككە شەھرىدىكى ئاۋاتلىق، كىشىلەرنىڭ ئۇ يەرگە بولغان قىززىقىشى، كۆڭۈل بۆلۈشىگە چىدىيالمايۋاتاتتى، يەمەن كەبىدىن بەكرەك تەرەققىي قىلغان بىر شەھەر ئىدى بولمىسا. ئەمما نېمىشقا ئەرەپلەر بۇ يەرگە قىزىقمايدۇ؟ يەمەندە كام بولغىنى زادى نېمە؟

ئەسلىدە بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلەتتى ئەبرەھە. مۇقەددەس ئىبادەتخانا كەبە ئۇ يەردە، مەككىدە ئىدى. قانداق قىلىشى كېرەكلىكىنى بىر قانچە كۈن قاتتىق ئويلاندى. ئەمدى قەتئىي بىر قارارغا كەلگەن ئىدى. يەمەنىنىڭ پايتەختى سانئاغا كەبىدىنمۇ چوڭ بىر ئىبادەتخانا سالماقچى بولدى. نۇرغۇن پۇل خەجلەپ بۇنىمۇ سالدى...

ھەشەمەتلىك، كۆركەم ئىبادەتخانا قۇرۇلۇشى تېز تاماملاندى. تۆت كۆز بىلەن كۈتۈپ تۇرغان ھەج مەزگىلى كەلدى.

ئەرەپلەرنىڭ توپ ـ توپ بولۇپ بۇ ئىبادەتخانىغا كېلىدىغانلىقىنى خىيال قىلىپ ئولتۇراتتى. ساقلىدى، ساقلىدى، ئەمما ئىش ئۇنىڭ ئويلىغىنىدەك بولمىدى. ئىنسانلار يەنىلا كەبىگە كېتىۋاتاتتى.



بۇ ئەھۋال ئەبرەھەنىڭ قاتتىق ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ، ئۇنى ساراڭدەك قىلىۋەتتى. نىھايەت، ئۇ ھەددىدىن ئېشىپ ئىنتايىن چوڭ بىر ئىشنى قىلىشقا نىيەتلەندى. كەبىنى يىقىپ، يەر بىلەن تۈپ-تۈز قىلىۋەتمەكچى بولدى.

كەڭ كۆلەملىك كۈچلۈك بىر قوشۇن تەييارلىدى. مەككىلىكلەرنىڭ بۇ قوشۇنغا تاقابىل تۇرالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. قوشۇننىڭ ئالدىدا فىللار بار ئىدى. ئەڭ ھەيۋەتلىك ئۇرۇش فىلى ئەڭ ئالدىدا كېتىۋاتاتتى.

مەككىگە يېقىن بىر يەرگە كەلدى. مەككىلىكلەرنىڭ چارۋا-ماللىرىنى مۇسادىرە قىلدى. مۇسادىرە قىلىنغان ماللار ئارىسىدا پەيغەمبىرىمىزنىڭ بوۋىسى ئابدۇلمۇتتەلىبنىڭ يۈزگە يېقىن تۆگىسى بار ئىدى.

مەككىنىڭ چوڭلىرى بىلەن بىللە كەلگەن ئابدۇلمۇتتەلىب ئەبرەھە بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن ئىجازەت سورىدى. مەككىلىكلەرنىڭ بۇ زور ھەربىي قوشۇنغا تاقابىل تۇرغۇدەك كۈچى يوقلۇقىنى بىلگەن ئەبرەھە مەككىنىڭ كاتتىۋاشلىرىنىڭ ئۆزىنىڭ ئالدىغا كەلگەنلىكىدىن خۇشال بولدى. ئۇلارنىڭ بىچارىلەرچە يالۋۇرغىلى كەلگەنلىكىنى ئويلىدى. كەلگەنلەرنى قوبۇل قىلدى. ئۇلارنى زاڭلىق قىلغان تەلەپپۇزدا:

- نېمىشقا كەلدىڭلار؟ - دەپ سورىدى.

- چارۋا-ماللىرىمىزنى ناھەق مۇسادىرە قىلىۋالدىڭ. ئاشۇلارنى ئېلىپ كەتكىلى كەلدۇق. - دېيىشتى مەككىلىكلەر.

ئۇلارنىڭ بۇنداق بىغەم جاۋاب بېرىشىگە ھەيران قالغان ۋە ئاچچىقلانغان ئەبرەھە:

- مەن كەبىنى يىقىقلى كەلدىم. سىلەر بولساڭلار تۆگەڭلارنى ئويلاپ ئولتۇرىسىلەر! - دەپ ۋاقىرىدى.



ئابدۇلمۇتتەلىب دەرھال ئۇنىڭ سۆزىگە قوشۇق سالدى:

ــ مەن تۆگىلەرنىڭ ئىگىسىمەن، ئۇلارنى ئالغىلى كەلدىم. كەبىنىڭ ئىگىسى ئاللاھ. ئۇنى ئىگىسى قوغدايدۇ.

بۇ پەرۋاسىز جاۋابقا ۋە زىيادە خاتىرجەملىككە ئاچچىغى كەلگەن ئەبرەھە قوشۇننى ھوجۇم قىلىشقا بۇيرىدى.

لېكىن، غەلىتە بىر ئىش يۈز بېرىۋاتاتتى. قوشۇننىڭ ئەڭ ئالدىدىكى چوڭ فىل ماڭغىلى ئۇنىماي جىم تۇرۇۋالدى. ئۇ ماڭمىسا باشقا فىللارمۇ ماڭمايتتى. يۆنىلىشنى باشقا تەرەپكە بۇرىسا ماڭاتتى، لېكىن كەبىگە بۇرالسىلا ماڭغىلى ئۇنىمايتتى. بۇ ئەھۋال ئەسكەرلەرنىڭ كەيپىنى ئۇچۇردى. بۇنى ئاز دېگەندەك تۇيۇقسىز ئاسماندا قارا رەڭلىك بىر نەرسىلەر پەيدا بولۇپ، ئەسكەرلەرنىڭ ئۈستىگە قاراپ يېقىنلىششقا باشلىدى. دەل بۇ چاغدا كۈتۈلمىگەن بىر ھادىسە يۈز بەردى. ئاسماننى قاپلىغان نەچچە مىڭ قۇش توپ ـ توپ ھالدا ئۇچۇپ كېلىپ ئاغزىدىكى تاشلارنى ئەسكەرلەرنىڭ ئۈستىگە تاشلاشقا باشلىدى. تاشلار تەككەنلىكى يەرنى ۋەيران قىلاتتى. ھەممە ئەسكەرلەر ئۆلۈپ تۈگىگىچە داۋاملاشتى بۇ ھادىسە.

ئۇ كۈنى ئەبرەھەنىڭ قوشۇنى يەر بىلەن يەكسان بولدى.

ئاللاھ ئۆزىگە ئىشەنچ قىلغانلارنىڭ ئىشەنچىنى يەردە قويمىدى ۋە ئۆيىنى قوغدىدى.

بۇ مۆجىزە ۋەقەدىن تەخمىنەن ئەللىك كۈن ئۆتكەندىن كېيىن سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز دۇنياغا كەلدى.

قۇرئانى ـ كەرىمدىكى 105 ـ سۈرە فىل سۈرىسىدە بۇ ۋەقە تەسۋىرلەنگەن.

